




# ئالاھىدە جاۋاب

(تاللانغان بالىلار لەتىپىلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋا بەت لايىھەلىگۈچى: تۇرداخاجىم تۇرغۇن

## ئەلىپبەدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ________________ گە:

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________



________________ دىن تەقدىم

-يىلى　-ئاينىڭ　-كۈنى






# ئالاھىدە جاۋاب

## (تاللانغان بالىلار لەتىپىلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن

قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

**ئالاھىدە جاۋاب**

(تاللانغان بالىلار لەتىپىلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830026

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16

**باسما تاۋىقى:** 117.75

**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3

**ئومۇمىي باھاسى:** 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)









## نېمە ئۈچۈن؟

بالىسى: دادا، ماۋۇ ئىس چىقىۋاتقىنى نېمە؟

دادىسى: بىلىۋال، بالام، بۇ تۇرخۇن.

بالىسى: ھە، چۈشەندىم، ئەمىسە، بۇرنىڭىزنى نېمىشقا «تۇرخۇن» دەپ ئاتىمايمىز؟

دادىسى: ...

## چوڭلارنىڭ پىسخىكىسى

خېلىل بىلەن ناسىر ۋېلسىپىت مىنىپ سىرتقا ئويۇنغىلى چىقىپتۇ. تازا بىرىلىپ ئويناۋاتقاندا، خېلىل تۇيۇقسىز ۋارقىراپ:

— ئاپلا، سائەت 8 بولۇپ كېتىپتۇ. دەرھال ئۆيگە قايتايلى، — دەپتۇ. ناسىر بولسا:

— ئالدىرىما، ھازىر ئۆيگە قايتساق، ئۆيدىكىلەر بىزنى بەك كەچ قايتتىڭ دەپ تىللايدۇ. سائەت 10 دا ئۆيگە بارساق، ئۇلار بىزنى قۇچاقلاپ، پېشانىلىرىمىزگە سۆيۈپ، ھەرھالدا ساق-سالامەت ئۆيگە قايتىپ كېلىپسەن دەپ خۇشال بولىدۇ، — دەپتۇ.

## يېڭى ئېنىقلىما

مۇئەللىم: شۆھرەت، سەن ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقتىن تارىيىش ھادىسىسىگە بىر مىسال ئېلىپ باق.

ئوقۇغۇچى: يازلىق تەتىل ئالتە ھەپتە، قىشلىق تەتىل پەقەت 28 كۈنلا ئىكەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

## خاتا چۈشەنچە

دادىسى تۆت ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ تەبىئەت مۇزېيىغا بېرىپتۇ.

— دادا، ئادەم راستىنلا مايمۇندىن ئۆزگەرگەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا، سىزمۇ كىچىك ۋاقتىڭىزدا مايمۇنمىدىڭىز؟

— ياقەي، مەن ئۇ دەۋرلەردە ياشىمىغان.

— ئۇنداقتا بوۋام دەل شۇ دەۋرلەردە ياشاپتىكەن-دە، بولمىسا، مومام بوۋامنى دائىم «ھۇ قېرى مايمۇن!» دەمتى؟..

## قورسىقىمدىلا قوياي

ئانىسى بىر سېۋەت مېۋە-چېۋە سېتىۋېلىپ كېلىپ ئوغلىغا دەپتۇ:

— بالام، بۇ مېۋە-چېۋىلەرنى ھېچكىم ئېلىۋالالمايدىغان يەردە قويۇپ قويۇڭ.

بالىسى: ئەمىسە، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى قورسىقىمدىلا قوياي.





## ئوقۇغۇچىغا مۇئامىلە قىلىش

مەكتەپ مۇدىرى:

— ئىمتىھاندا A غا ئېرىشىدىغان ئوقۇغۇچىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە ئالىم بولۇپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن؛ B غا ئېرىشىدىغان ئوقۇغۇچىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، چۈنكى ئۇ كېيىنچە مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سىز بىلەن خىزمەتداش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ C غا ئېرىشىدىغان ئوقۇغۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە نۇرغۇن پۇل تېپىپ كاتتا باي بولۇشى، ئېھتىمال مەكتىپىمىزگە نۇرغۇن پۇلمۇ ئىئانە قىلىشى مۇمكىن؛ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ تۇتۇلۇپ قالغان ئوقۇغۇچىغا تېخىمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭ، چۈنكى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە پارلامېنت ئەزاسى بولۇش، ھەتتا زۇڭتۇڭ سايلىنىشقا قاتنىشىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ.









## ئەخلەت چېلىكى

ئوقۇتقۇچى: سەن سوغۇق ئىچىملىكنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بوتۇلكىنى يەرگە تاشلىۋېتەمسەن ياكى ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋېتەمسەن؟

ئوقۇغۇچى: سىز دېگەن ئىككى يەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تاشلىمايمەن.

ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتا، سەن قەيەرگە تاشلىۋېتىسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئانامنىڭ قولىغا قويۇپ قويىمەن.

## موما، چىشىڭىز ساقمۇ

باغچىدىكى ئورۇندۇقتا بىر موماي ئولتۇراتتى. بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ سورىدى:

— موما، ياخشىمۇسىز؟ چىشلىرىڭىز ساقمۇ؟

— ياق بالام، ھەممىسى چۈشۈپ كەتتى.

— تەلىيىم بار ئىكەن، باداملىرىمنى ساقلاپ بەرسىڭىز، ھازىرلا يېتىپ كېلىمەن.

## ساڭا ئۆگىنىپ بولالمىدىم

داڭلىق دوختۇرنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭدىن:





— ئۇستاز، سىز دائىم بىماردىن «تاماق يېيەلەمسىز، ئىشتىھايىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپ سورايسىز، كېسەلنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇلارنى سوراشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، ساڭا ئەجەب ئۆگىتىپ بولالمىدىم، كېسەلنى تاپالمىغاندىكىن شۇنى سورىماي نېمە دەيتتىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇستازى.

## ياخشى ئىش

ئوقۇتقۇچى: ئىككىڭلار بۈگۈن قانداق ياخشى ئىش قىلدىڭلار؟

ئىككى ئوقۇغۇچى: بىر مومايىنى يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇق.

ئوقۇتقۇچى: ياخشى قىپسىلەر، ئەمما مومايىنى بىرىڭلار ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار بولاتتىغۇ؟

ئىككى ئوقۇغۇچى: مومايىنىڭ يولدىن ئۆتكۈسى يوق ئىكەن ئەمەسمۇ؟

## رويال چېلىش

ئاپىسى: ئوغلۇم، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن رويال چېلىشنى مەشىق قىلغىن، گېپىمنى ئاڭلىساڭ، بىر يۈەن بېرىمەن.

ئوغلى: بولدۇ، لېكىن قوشنىمىز ماڭا رويال چالمىسام ئىككى يۈەن بەرمەكچى بولغان.

## ئورۇندۇق

نادىر يازلىق تەتىل مەزگىلىدە تاغىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ ياردەملىشىپتۇ. بىر كۈنى تاغىسى ئۇنىڭدىن كالا سېغىشنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، نادىر ماختانغان ھالدا:

— تاغا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىلمەيدىغان ئىشىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تاغىسى ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇقنى بېرىپ، كالىنى سېغىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، نادىر قايتىپ كەپتۇ. تاغىسى ئۇنىڭدىن:

— بەكلا ھايال بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نادىر قولىدىكى قۇرۇق چېلەكنى كەينىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ:

— كالا ساغماق ئاسان ئىكەن، ئەمما كالىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇش بەكلا



تەس ئىكەن ئەمەسمۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سۇ ئۈزۈش دەرسى

راخمان تۇنجى قېتىم سۇ ئۈزۈش دەرسگە قاتنىشىپتۇ. بىر سائەت بولار - بولماي، تىرېنېرغا:

— بۈگۈن مۇشۇنچىلىك مەشىق قىلغان بولساق،— دەپتۇ.

تىرېنېر ھەيران بولغان ھالدا:

— نېمىشقا؟— دەپ سوراپتۇ.

راخمان بىئارام بولغان ھالدا:

— پەقەت سۇ ئىچكۈچىلىكىم قالمىدى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



## تۇخۇم سىزىش

رەسىم دەرسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى رەسىم دەپتەرلەرنى يىغىۋېلىشقا باشلاپتۇ. ئىلھام رەسىم دەپتىرىنى بېرىپتۇ:

— مۇئەللىم، دەپتىرىمنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويسىڭىز بولاتتى،— دەپتۇ.



ئوقۇتقۇچى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— نېمىشقا؟

— سىزغىنىم «تۇخۇم» ئىدى، مىجىلىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىلھام بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

## نېمە ئۈچۈن

بىر كۈنى كىرپىچان ئاپىسىدىن:

— ئاپا، مەن راستتىنلا سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا بۇنداق ئويدا بولۇپ قالدىڭ بالام؟— دەپتۇ ئانىسى.

— نېمە ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر مېنى بىرەر قېتىم قۇچاقلاپ قويمايسىز؟

## ئىلگىرىلەش

A: ئىنگلىز تىلى سەۋىيەڭ خېلى ئۆسۈپ قالغاندۇ؟

B: شۇنداق ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ئىنگلىزلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەلمەيتتىم، ھازىر ئىنگلىزلار مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ.

## سۇ

ئوقۇتقۇچى: سۇ دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى: سۇ بىر خىل رەڭسىز، ئەمما قولۇمنى يۇغاندا قارا رەڭگە كىرىدىغان سۇيۇقلۇق.





## ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى

ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا، مەك-
تەپ مۇدىرى پۈتۈن يىللىقلار ئىچىدە نە-
تىجىسى بىرىنچى بولغان ئوقۇغۇچىنى سەھ-
نىگە چىقىپ مۇكاپات بۇيۇمىنى تاپشۇرۇۋې-
لىشقا چاقىرىپتۇ. لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچى ئارقا -
ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم چاقىرغاندىلا ئاندىن
سەھنىگە چىقىپتۇ. سىنىپ مەسئۇلى ئۇ ئوقۇ-
غۇچىدىن:
— نېمە بولدى سىزگە، بايا ئېنىق
ئاڭلىيالماي قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەنغۇ ئېنىق ئاڭلىدىم، باشقا سا-
ۋاقداشلىرىم ئاڭلىماي قالدىمىكىن دەپ..

## پەرق

مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋېتىپ، يولى كې-
لىپ قالغاچقا سوراپتۇ:
— قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز قايتۇر-
غۇچىنىڭ قانداق پەرقى بار؟
ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ:
— قەرز بەرگۈچىنىڭ ئەستە تۇتۇش
قابىلىيىتى ياخشى بولىدۇ، قەرز قايتۇرغۇ-
چىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناچار بو-
لىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بايقاش ۋە كەشىپ قىلىش

ئەدەبىيات دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇ-
چىدىن:



— بايقاش ۋە كەشىپ قىلىش دېگەن
سۆزگە جۈملە تۈزۈپ باق، — دەپ سوراپ-
تۇ.
كىچىك جون ئىككىلەنمەيلا:
— دادام ئانامنى بايقاپ توي قىلدى،
ئاندىن مېنى كەشىپ قىلدى، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.

## قالايمىقان تەقدىرلەش

دادىسى: بۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا نەچچە
نومۇر ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئوغلى: ئەدەبىياتتا 60، ماتېماتىكىدىن
40، جەمئىي 100 نومۇر ئالدىم.
دادىسى: ئالدىنقى ئىككى پەندىكى نو-
مۇرۇڭ تۆۋەن ئىكەن. «جەمئىي» دېگەن
بۇ پەندىكى نومۇرۇڭ ياخشى ئىكەن. بۇ-
نىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشقىن جۇمۇ.

## تىرىشىش كېرەك

تارىخ ئوقۇتقۇچىسى سوراپتۇ:
— ئامېرىكىدىكى ئايال ئەركىنلىك
ئىلاھىنىڭ قولىدا ئىككى نەرسە بار، بىر



قولدا ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان مەشئەل، يەنە بىر قولدا كىتاب بار. قېنى قايسى ساۋاقداش بۇنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى دەپ باقدۇ؟

بىر ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— توك توختىسىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## باشقا دوختۇر تاپايلى

بىر دوختۇر ئۆزى داۋالاۋاتقان بىر كىچىك بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى بىلىدىغان — بىلمەيدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇلىقىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ سېنىڭ بۇرنۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى بالا دەرھال ئانىسىغا:

— ئانا، مېنىڭچە، بىز باشقا دوختۇر تاپساق بولغۇدەك، — دەپتۇ.

## ياخشى كۆڭۈل

ئالىمجاننىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولماپتۇ. ئانىسى ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئۆتكەن يىلى مەن سەندىن ناھايىتى پەخىرلەنگەنىدىم، بۇ يىل ساڭا نېمە بولدى؟ ئىلگىرى سەن سىنىپ بويىچە ئىمتىھاننى ئەڭ ياخشى بېرەتتىڭغۇ! — دەپتۇ.

ئالىمجان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەربىر ساۋاقداشنىڭ ئانىسى ئۆز بالىسىنىڭ بىرىنچى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەگەر مەن ھەمىشە بىرىنچى بولۇۋالسام، باشقا بالىلارنىڭ ئانىسى قانداق قىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

## ماتېرىيالىزمچى

مەكتەپ مۇدىرى بىر ئوقۇغۇچىدىن:

— ئەگەر سەن بىر ياخشى ئىش قىلساڭ، ئۇنداقتا سەن چوڭ يىغىندا ئاغزاكى ماختىلىشنى خالامسەن ياكى ماددىي مۇكاپات بۇيۇمى ئېلىشنى خالامسەن؟

ئوقۇغۇچى:

— ماددىي مۇكاپات بۇيۇمى ئېلىشنى خالايمەن.

مەكتەپ مۇدىرى:

— نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى:

— چۈنكى، مەن بىر ماتېرىيالىزمچى.








## ئەنسىرەش ھاجەتسىز

كىرەمنىڭ بويى ئۆسمىگەچكە، ئۇ ئۆ-
زىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلايدىكەن.
بوۋىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دەپتۇ:
— پاكار بولغاننىڭ نېمە يامىنى؟ باش-
قىلار ساڭا گەپ قىلغاندا ئېگىشىدۇ ئەمەسمۇ.

## قانائەت

ئابدۇللا قوشنىسىنىڭ بالىسى بىلەن
سوقۇشۇپتۇ، ئاپىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:
— چوپچوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ سو-
قۇشساڭ، بۇ نېمىدېگەن بەغەرەزلىك.
— ئاپا، دۆلەت چوڭمۇ؟
— ئەلۋەتتە چوڭ-دە.
— ئۇنداقتا، دۆلەتلەرمۇ بىر - بىرى
بىلەن سوقۇشىدىغۇ.

## مۇشۇ يېشىدا

دادىسى: بىلەمسەن؟ لىنكولىن سېنىڭ-
دەك يېشىدىكى چېغىدا ئاللىقاچان سىنىپ-
دىكى ئەلاچىلارنىڭ بىرى بولغانىكەن.
بالىسى: بۇنى بىلىمەن دادا، لېكىن ئۇ
سىزنىڭ مۇشۇ يېشىڭىزدىكى چېغىدىلا ئامې-
رىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بوپتىكەن.

## دېرىزىمىز غەرب تەرەپتە

ئوقۇتقۇچى: تەتىلدە سەن قايسى ۋا-
قىتتا ئورنۇڭدىن تۇرىسەن؟
ئوقۇغۇچى: كۈننىڭ تۇنجى نۇرى دې-
رىزىدىن ئۆيىمىزگە چۈشكەن ھامان ئور-
نۇمدىن تۇرىمەن.
ئوقۇتقۇچى: ئۇ بەك ئەتىگەن ئەمەس-
مۇ؟
ئوقۇغۇچى: ياق، بىزنىڭ ئۆينىڭ دې-
رىزىسى غەربكە قارايدۇ.

## ھەممىنى يېگىلى بولامدۇ

بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ يەرگە جەم بو-
لۇپ تاۋۇز يېيىشكە باشلىدى.
— دادا، تاۋۇزنىڭ ھەممىسىنى يېگىلى
بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى بەش ياشلىق
ئوغلى.
— شۇنداق، — جاۋاب بەردى دادى-
سى.
— ئۇنداقتا شاپىقىنىمۇ يېگىلى بولام-
دۇ؟ — دەپ سورىدى بالىسى يەنە.

## قورسىقىڭ پارتلاپ كېتىدۇ

بىر بالا ناھايىتى كۆپ پېچىنە يېدى،
ئۇ يەنە يېمەكچى بولۇۋېدى، دادىسى ئۇ-





نىڭغا دېدى:

— ئەمدى يېمە، مۇشۇنداق يەۋەرسەڭ قورسىقىڭ پارتلاپ كېتىدۇ.

— مەن يەنە يەۋاتقاندا، سىز نېرىراق تۇرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى بالا.

## قەنت ـ گېزەك ۋە قوللانما

بىر قىز قەنت ـ گېزەك ئېلىپ جىيەن قىزنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردى. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا يەتتە ياشلىق جىيەن قىز ئۇنىڭغا چىش دوختۇرى بەرگەن بىر كىچىك قوللانمىنى بەردى. قىز ئۇنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىكى يېمەسلىككە تېگىشلىك يېمەكلىكلەرنىڭ ئىچىدە قەنت ـ گېزەكنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى ـ دە، دېدى:

— قارىغاندا، ساڭا ئېلىپ كەلگەن قەنت ـ گېزەكلەرنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتسەم بولغۇدەك.

— ياق، — دېدى جىيەن قىز، — بۇنى









ئاچامغا بېرىڭ، ئۇ تېخى بۇ قوللانمىنى تاپشۇرۇپ ئالمىدى.

## يىغىن ئالدىدىكى تەييارلىق

بالىسى: دادا، بۈگۈن سىز نېمىشقا چوڭ بىر رومانىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىشقا ماڭدىڭىز؟

دادىسى: سەن نېمىنى بىلسەن، بۈگۈن ئىدارىدە پۈتۈن بىر كۈن يىغىن بار.

## خىزمەت قىلىش

دادىسى: بالام، سەن ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، كېيىن ھەرقانداق خىزمەتنى قىلالمايسەن.

بالىسى: راستمۇ؟ سىزگە ئوخشاش خىزمەت ۋاقتىدا پاراڭ سېلىپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغان خىزمەتنىمۇ قىلالماسمەنمۇ؟

## ئانام بىلىدۇ

بىر بالا ناھايىتى قىزىقارلىق چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ چۈشنى دادىسىغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ:

— دادا، مەن ناھايىتى قىزىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، بۇنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

دادىسى:

— چۈشۈڭنى ئاناڭغا سۆزلەپ بەرگىن،

مەن ھازىر ئالدىراش، ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ.

— ئاناMغا سۆزلەپ بېرىشىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى چۈشۈمدە كۆرگەن ئىشلار ئىچىدە ئانامۇ بار ئىدى، — دەپتۇ بالا بېشىنى چايقاپ.

## بىر بالىنىڭ ئېيتقانلىرى

بالىسى: بۈگۈن مەكتەپنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان بىر ئوغۇل بالا ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشۈۋىدى، مەندىن باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئانىسى: كۈلمىگىنىڭ بوپتۇ، ھېلىقى يىقىلىپ چۈشكىنى قايسى بالا ئىدى؟

بالىسى: مەن ئىدىم.

## تاماق ۋاقتىدا

ئانىسى: بالام، بۇ يىل كۆكتاتلارنى كۆپرەك يېسەك، رەڭگىرويىڭ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

بالىسى: ئانا، كىمنىڭ چىرايىنىڭ ياپيېشىل بولۇپ كېتىشىنى خالايدۇ دەيسەن!

## دەرسخانىدىكى پاراڭ

گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېدى:

— بىر ئاتاقلىق رەسسام بولۇپ، ئۇ قەلەمنى شۇنداق بىر تەۋرىتىپلا كۈلۈۋاتقان



چىراينى يىغلاۋاتقان چىرايغا ئۆزگەرتەلەيدۇ.

— ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دېدى بىر ساۋاقداش، — ئۇنداق چىراينى ھەر خىل ئۆزگەرتىشنى مېنىڭ ئانامۇ بىلىدۇ.

## ماشىنا نومۇرى

ئىككى بالا مۇزېيغا كىرىپ بىر مۇمىياغا يېزىلغان «س. ب.6821» دېگەن رەقەمنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇ رەقەملەر نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى بىر بالا.

— ئېھتىمال، ھادىسە تۇغدۇرغان بىرەر ماشىنىنىڭ نومۇرى بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىر بالا.

## سوغۇق يوتقان

ئاكىسى ئۇكىسى بىلەن بىر يوتقاندا ياتماقچى بولدى، ئاكىسى ئالدى بىلەن يوتقانغا كىرىپ ياتتى، ئۇكىسى كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋېتىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى-دە، توڭۇپ لاغىلداپ تىترەشكە



باشلىدى.

— ئۇكام، تېزرەك قوينۇمغا كىر،— دەپ چاقىردى ئاكىسى يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ.

— هازىر بەلكىم يوتقان سوغۇقتۇ، سەن بىردەم يېتىپ يوتقاننى ئىسسىقتىن، ئاندىن قوينۇڭغا كىرەي،— دېدى ئۇكىسى.



## هېساب - كىتاب قىلىش

— بۇ قېتىم ئىشلىگەن تاپشۇرۇقۇڭدا خاتالىق ناهايىتى جىق ئىكەن، داداڭ سەن بىلەن قانداق هېساب - كىتاب قىلاركىن،— دېدى تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى تارقىتىپ بىرىۋاتقان مۇئەللىم ئاسىمغا قاراپ.

— ئەكسىچە، مەن دادام بىلەن ئوبدانراق هېساب - كىتاب قىلىمەن، چۈنكى بۇ تاپشۇرۇقلارنى دادام ئىشلىگەنىدى.





## كېسەل ئېنىقلاش

دوختۇر جۈرئەتنى ئۇزاق ۋاقىت تەكشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالمىدى. جۈرئەت ئاچچىقلانغان هالدا:

— دوختۇرخانىڭلارنىڭ سەۋىيەسى بەك تۆۋەنكەن،— دېدى.

دوختۇر بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— مۇنداق بولسۇن، سىز هازىر ئۆيگە قايتىپ ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇڭ، ئاندىن كىيىمىڭىزنى كىيمەيلا هويلا ئىچىدە ئىككى سائەت ئايلىنىپ يۈرۈڭ.

— مۇشۇنداق قىلسام كېسىلىم ساقىيامدۇ؟

— ياق، لېكىن، مۇشۇنداق قىلسىڭىز، ئۆپكىڭىزگە سوغۇق تېگىپ ياللۇغلىنىدۇ. ئاندىن بىز سىزگە ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان دەپ دىياگنوز قويىمىز-دە، كېسەللىكىڭىزنى داۋالاپ ساقايتىمىز.

## تۈنۈگۈن يېگەن

مۇئەللىم: سەن بۈگۈن نېمىشقا يۈزۈڭنى يۇمىدۇڭ؟ لەۋلىرىڭدە ئەتىگەن يېگەن تاماقنىڭ يۇقۇندىلىرى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ.

ئوقۇغۇچى: سىزنىڭچە مەن ئەتىگەن نېمە تاماق يېگەندىمەن؟

ئوقۇتقۇچى: بۈگۈن ئەتىگەن تۇخۇم



يەپسەنغۇ.

ئوقۇغۇچى: خاتالاشتىڭىز، تۇخۇمنى مەن تۇنۇگۈن ئەتىگەن يېگەن.

## سەۋەب

بىر ئايال بالىسىنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقىشىغا، بالا يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال بالىسىنى ھەرقانچە بەزلەپمۇ يىغىدىن توختىتالماپتۇ. ئايالنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان بىر شلەپىلىك ئادەم ئايالغا:

— بالىڭىز نېمىنى ئالمەن دېسە شۇنى ئېلىپ بەرمەمسىز، بۇنداق يىغلاتقۇچە، — دەپتۇ.

— ئالغىلى بولغان بولسا، ئاللىقاچان ئېلىپ بەرگەن بولاتتىم، شۇغىنىسى بالام سىزنىڭ شلەپىڭىزنى ئالمەن دەپ يىغلاۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

## ئۆگەنمەيمەن

رازىيە خانىم قىزىنى ئۇسسۇل كۇرۇژۇكىغا بەرمەكچى بولۇپ، قىزىدىن سوراپتۇ:

— قىزىم، بالىبت ئۆگىنەمسىز؟

— ئۆگەنمەيمەن، بويۇم ئېگىز تۇرسا!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— قاراڭا ئۇلارغا، بويى پاكار بولغاچقا پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئوينايدىكەن..



## ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان

ئوقۇتقۇچى: ئىنسانلارنى نېمە ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان دەيمىز؟

سابىر: ھايۋانلار ئادەتتە ئوتخور ياكى گۆشخور دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئىنسانلار گۆش ياكى ئوت - چۆپ دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي ھەممىنى يەيدۇ، شۇڭا ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان دەيمىز.

## ئىمزا

ئوقۇتقۇچى: نەتىجە قەغىزىڭلارغا ئاتا - ئاناڭلار قول قويۇپ بەرسۇن، ئەتە يىغىۋېلىنىدۇ.

ئوقۇغۇچى: داداممۇ ياكى ئاپاممۇ؟

ئوقۇتقۇچى: ئائىلىدە كىمنىڭ گېپى ئۆتسە، شۇ قول قويۇپ بەرسۇن.

ئوقۇغۇچى: بىزنىڭ ئائىلىدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب.



## جاۋاب

بىر توپ سازاڭ قۇرت بالىلىرى ئاپىسغا ئەگىشىپ ئويناۋاتقاندا، ئەڭ كىچىك بالىسى ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، دادام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بېلىقچى قۇش بىلەن بېلىق تۇتقىلى كەتتى، قوزام،— دەپتۇ ئاپىسى.

## ئۈيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ

دادىسى: شۈنچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ئۇخلىماپسەنغۇ؟

ئوغلى: دەرس ۋاقتىدا ئۇخلىۋالغاچقا، ئۈيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

## ئۈلگە

ئاپىسى: قىزىم، ئارزۇيىڭىز نېمە؟

قىزى: سىزدەك بولۇش.

ئاپىسى: نېمىشقا؟

قىزى: چوڭ دادام، چوڭ ئاپام، ھەتتا داداممۇ سىزدىن قورقىدىغان تۇرسا.

## قانتىم بىلەن

قۇشقاچ: بۈركۈتنى ئۇرۇشقا پېتىنالامسەن؟

كەپتەر: ئەلۋەتتە.

بىر ئازدىن كېيىن كەپتەر بەدىنىدە بىر تالمۇ تۈكى قالمىغان ھالەتتە قايتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇشقاچ ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— نېمە ئىش بولدى؟

— بۈركۈتنى قانتىم بىلەن جايلىۋەتتىم.

## قەدىمىي

ئا: قەدىمىي چالغۇلاردىن قايسىسىنى بىلىسىز؟

ب: ئاكوردىيوننى.

ئا: نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

ب: ئۇنىڭ قىرىپ قورۇلۇپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرمىگەنمىدىڭىز؟

## سوئال

پىروفېسسور: ئەخمەقنىڭ سورىغان سوئالىغا ئەقىللىك ئادەمنىڭ جاۋاب بەرمىكى تەس.

ئوقۇغۇچى: شۇڭا ھەر قېتىملىق ئىمتىھانىڭىزدىن ئۆتەلمەيدىكەنمەن-دە!



## هوشىدىن كەتتى

ئاپىسى: تېز بول، دورا ئەكەل، داداڭ هوشىدىن كەتتى.

ئوغلى: دادامغا نېمە بولدى؟

ئاپىسى: يازغان ماقالەڭدە پەش، چېكىت بولمىغاچقا، ئوقۇۋېتىپ تىنىقى يېتىشمەي قېلىپ هوشىدىن كەتتى.

## خۇش خەۋەر

ئوغلى: دادا، خۇش خەۋەر.

دادىسى: قېنى دېگىنە؟

ئوغلى: موماڭنىڭ قۇلىقى گاس بولۇپ قاپتۇ.

دادىسى: تاياق يېگۈڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئوغلى: ئاپام موماڭنى ئەمدى ئۆلمەيدىغان قېرى دەپ تىللىسا، موماڭ ئاڭلىيالمايدىغان بولدى.

## يەنىلا ئۈچ

ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى تاهىردىن سوراپتۇ:

— ئۈچكە بىرنى قوشساق قانچە بولىدۇ؟

— بىلمەيمەن.

— مەسىلەن، ئۆيۈڭلەرگە چوڭ ئاپاڭ كەلدى دېسەك، شۇ كۈنى سىلەرنىڭ ئۆيدە قانچە ئادەم بولىدۇ؟

— يەنىلا ئۈچ. چۈنكى ئاپام هەرگىز چوڭ ئاپامنى قوندۇرۇپ قالمايدۇ.

## «مېنىڭ دادام»

مۇئەللىم: داداڭ ئەمدىلا ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرىپتۇ، قانداقسىگە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇ دېگەن بوۋام.

مۇئەللىم: مەن «مېنىڭ دادام» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇق بەرگەن تۇرسام.

ئوقۇغۇچى: ماقالىنى دادام يازغان تۇرسا.

## مىليونېر

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى «ئەگەر مىليونېر بولسام» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە ماقالە يېزىشقا كىرىشىپتۇ، پەقەت تاهىرلا قەلەم تەۋرەتمەي ئولتۇرۇپتۇ. مۇئەللىم هەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن:





— سەن نېمىشقا يازماي ئولتۇرى-
سەن؟— دەپ سوراپتۇ.
— مىليونېرلار ماقالە يازىمەن دەپ
ئاۋارە بولمايدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
تاھىر.

## كۆزئەينەك

ئوغلى: دادا، نېمىشقا كۆزئەينەك تا-
قايسەن؟
دادىسى: كۆزۈم ئوبدان كۆرمىگەچكە.
ئوغلى: كۆزئەينەك تاقساڭ ئوچۇق
كۆرەمسەن؟
دادىسى: ئەلۋەتتە.
ئوغلى: ئىمتىھان نەتىجەمنى كۆرگەن-
دە، كۆزئەينىكىڭنى تاقمىساڭ بوپتىكەن!







## سوئال

ئەلقۇت بىر كۈنى ھويلىدا كىتاب كۆ-
رۈپ ئولتۇرۇپ، ئويۇنچۇق ئويناۋاتقان
ئىنىسىدىن سوراپتۇ:
— قۇياش بىلەن ئاينىڭ قايسىسىنىڭ
رولى چوڭ؟
— ئەلۋەتتە ئاينىڭ رولى چوڭ-دە.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى كەچتە ئاي ھەممە ئادەمگە
ئەسقاتىدۇ. قۇياش كۈندۈزدە كىمگە ئەسقا-
تىدۇ؟



## دادام ئۆيدە

بىر ئادەم ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان
بالىدىن سوراپتۇ:
— ئوغلۇم، داداڭلار ئۆيدىمۇ؟
— ھەئە.
ئۇ ئادەم ئىشىك قوڭغۇرىقىنى خېلى
ئۇزۇن باسقان بولسىمۇ، ئىشىك ئېچىلماپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىدىن يەنە سوراپتۇ:
— داداڭلار نېمىشقا ئىشىكنى ئاچماي-
دۇ؟
— چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئۆي ئەمەس.

## قۇياش قورقىدىكەن

خېلىل كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاكى-
سىغا دەپتۇ:
— قۇياش ئايدىن قورقىدىكەن.
— قانداق بىلدىڭ؟
— چۈنكى ئۇ كۈندۈزىلا كۆرۈنۈپ،
كېچىسى ئاي چىققاندا مۆكۈۋالىدىكەن.

## كۆزئەينەكلىك يىلان

دادىسى: ئەگەر كۆزئەينەكلىك يىلانغا ئۇچراپ قالساڭ قانداق قىلىسەن؟

ئوغلى: تاش بىلەن كۆزئەينىكىنى چېقىۋېتىپ قېچىپ كېتىمەن.

## تۇخۇم

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا جانلىقلارنىڭ ئۇزۇقلىنىشى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:

— تايچاق تۇغۇلۇپلا ئۇزۇقلىنىدۇ، يولۋاس، ئىت، ئېيىقنىڭ باللىرىمۇ تۇغۇلۇپلا ئۇزۇقلىنىدۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇقلانمايدىغان جانلىق يوق.

— مۇئەللىم، تۇغۇلۇپ بىر نەرسە يېمەيدىغان جانلىقلارمۇ بار. مەسىلەن، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇم تۇغۇلۇپلا ئۇزۇقلانمايدىغۇ! — دەپتۇ تام.

## ئالاھىدە جاۋاب

تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقان پروفېسسور ئالدىنقى قاتاردا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:

— بىرەر نەرسىدىن زەھەرلەنگەن بىمار ئالدىڭغا كەلگەندە قانداق قىلىسەن؟

— مېيت يۆتكەيدىغانلارنى چاقىرىپ كېلىمەن.

## ھايۋان

مۇئەللىم: پۇتۇڭغا نېمە كىيىۋالدىڭ؟

ئوقۇغۇچى: خۇرۇم ئاياغ.

مۇئەللىم: قېنى، دەپ باقە، خۇرۇم نەدىن كەلگەن؟

ئوقۇغۇچى..

مۇئەللىم: سېنى خۇرۇم ئاياغ بىلەن تەمىنلىگەن زادى قايسى ھايۋان، دەۋاتىمەن.

ئوقۇغۇچى: دادام.

## باشقىلارنىڭ..

ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى: دەيلى، ئىشتىنىڭنىڭ بىر يانچۇقىدىن 100 يۈەننى، يەنە بىر يانچۇقىدىن 200 يۈەننى تېپىۋالدىڭ، ئۇ ھالدا جەمئىي قانچە يۈەن تېپىۋالغان بولىسەن؟

ئوقۇغۇچى: باشقىلارنىڭ ئىشتىنىنى كىيىۋالغان ئوخشايمەن، مۇئەللىم.

## ئەخمەقلەر

ئۇمىد گېزىتتىكى رەسىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دادىسىدىن سوراپتۇ:





— دادا، بۇ نېمە ئادەمكەن؟

— تۆرمىدىن قاچقان جىنايەتچىكەن، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپتۇ.

— ھەق ئەخمەقلەر، ئۇنى رەسىمگە تارتقان چاغدىلا تۇتۇۋالسىچۇ؟



## كونا پۇل

بەش ياشلىق ئاراپات ئويناۋېتىپ بىر تال تەڭگە پۇل يۇتۇۋاپتۇ، دادىسى دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ. دوختۇر قاچان، قەيەردە، قانداق تەڭگە يۇتۇۋالغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن دەپتۇ:

— ئوپېراتسىيە قىلمىساقمۇ بولىدىكەن.



— نېمىشقا دوختۇر؟

— كونا پۇل ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ.

## ئوغرى تۇتۇش



— دادا، ماشىناڭنى بىرى ئوغرىلاپ كەتتى.

— ئۇنى تونۇۋالدىڭمۇ؟

— تونۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، بىراق ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يادلىۋالدىم.

## چوڭ بولغاندا

ئوغلى: دادا، نېمە ئۈچۈن چوڭ دادامنى ئاشخانا ئۆيدە تاماق يېيىشكە بۇيرۇيسەن؟

دادىسى: ئاشخانا تىنچ ئەمەسمۇ؟

ئوغلى: چوڭ دادام نېمە ئۈچۈن داۋاملىق ئېغىشىپ قالغان تاماقنىلا يەيدۇ؟

دادىسى: ئېغىشىپ قالغان تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قارىغىنا، چوڭ داداڭ 80 ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇقمۇ شۇنداق تېمەن تۇرمامدۇ؟

ئوغلى: چوڭ بولغاندا، مەنمۇ سېنى ئېغىشىپ قالغان تاماقلارنى بېرىپ باقىمەن.

## شامال

ئوقۇتقۇچى شامالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسكە تازا دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— شامال قانداق پەيدا بولغان؟

— دېرىزىنى ياخشى ئەتمىگەنلىكتىن.

## بىكارغا

ياسىن دادىسى بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى كۆرگىلى بېرىپتۇ.



— دادا، ئەگ ئالدىدا كېتىپ بارغان تەنھەرىكەتچى نېمانچە تېز يۈگۈرىدۇ؟

— بۇ دېگەن مۇسابىقە. بىرىنچى بولغانلار چېمپىيون بولىدۇ، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ!

— ئۇنداقتا، كەينىدىكىلىرى نېمىدەپ يۈگۈرىدۇ؟

## قولۇم بىلەن

دادىسى: خەتلىرىڭ نېمىدېگەن سەت، بىرەر خەتنىمۇ زېھنىڭ بىلەن يازماپسەن!

ئوغلى: دادا، بۇ خەتلەرنى زېھنىم بىلەن ئەمەس، قولۇم بىلەن يازدىم.

## ئاپتوموبىل ئۆتمىدى

ئوغلى: ئاپا، موماملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيچۇ؟

ئاپىسى: يولدىن ئۆتكەندە دىققەت قىلغىن قوزام، ئاپتوموبىللار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆتكىن.

ئوغلى «ماقۇل» دېگىنىچە ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىغلىغىنىچە قايتىپ كىرىپتۇ. ئاپىسى ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قايتىپ كىرىپسەنغۇ؟

— ھازىرغىچە بىرمۇ ئاپتوموبىل ئۆتمىدى، ساقلاپ ھېرىپ كەتتىم.

## ئالدىن بايقاش

ئابلەت مۇئەللىم بىر ئوقۇغۇچىسىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنى بېرىپ دەپتۇ:

— دورىنى ئىچىپ بولۇپ، ئۆيۈڭگە قايتقىن.

— ھېچنەرىم ئاغرىمىغان تۇرسا!

— ئىمتىھان نومۇرۇڭنى داداڭغا كۆرسەتسەڭ، شۇ چاغدىلا ئاغرىغاننى ھېس قىلىسەن.

## سىناق

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، ئىككى كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى يازالامسەن؟

— ئەلۋەتتە يازالايمەن، ھېلىغۇ ئىسمىكەن، ھەتتا بىرنەچچە قۇر خەتنىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ يېزىۋېتىمەن.

— بىرنەچچە قۇر خەت يېزىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى، كۆزۈڭنى يۇمغىن-دە، بۇ ئىمتىھان قەغىزىگە ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى يېزىپ باقە!





## چۆشىن

هاشىمجان ئوغلى بىلەن ئاشپۇزۇلغا تاماق يېگىلى كىرىپ، سۇيۇقئاش بۇيرۇتۇپتۇ، يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ، هاشىمجان قاچىسىدىكى بىر تال چۆشىنىنى مۇلازىمەتچىگە كۆرسىتىپ، خاپا بولۇپ:

— تاماقتا چۆشىن نېمىش قىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

هاشىمجاننىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ قاچىسىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— دادا، ئۇ سۇ ئۈزۈۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.



## قايسىسى چوڭ

مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن بالا دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، بىر چوڭمۇ، ئەللىكمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئەللىك چوڭ-دە.

— بۇ قېتىم سىنىپ بويىچە ئەللىكىنچى بوپتىمەن. سېنىڭچە بولغاندا، سىنىپتىكىلەرنىڭ ئالدى هېسابلىنىدىكەنمەن-دە.







## تەتىل

ئوبۇل: نېمىگە يىغلايسەن؟

ئادىل: ئاكاملارنى تەتىلگە قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوبۇل: ياخشى ئىشكەنغۇ، سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟

ئادىل: مېنىڭ تەتىلىم يوق.

ئوبۇل: نېمىشقا؟

ئادىل: مەن تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن.

## قايتا قوزغىلىش

روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا يېرىم يىل يېتىپ داۋالىنىپ چىققان ئەسمەتوللا بىر كۈنى ئوغلىنى بوينىغا مىندۈرۈپ باغچىغا بېرىپتۇ. يولدا بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ، بالىسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟

— ئوغلۇمنى.

— ئوغلىڭىز بوينىڭىزدا تۇرمامدۇ؟

شۇ چاغدىلا ئۇ ئوغلىنى بوينىدىن چۈشۈرۈپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— نەگە كەتتىڭ؟!

## بىر سوم

ئوغلى: ئاپا، ماڭا بىر سوم بېرە.

ئاپىسى: نېمىگە ئىشلىتىسەن؟



ئوغلى: ئاۋۇ دوقمۇشتىكى مومايغا بېرىمەن.

ئاپىسى: ۋاي ئومىاق قوزام. ئۇ باشقىلارغا ياردەم بەرگۈدەك بوپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئوغلى: مەن ياردەم قىلىپ چوكامۇز سېتىۋالمىسام، ھېچكىم ئالمايدىكەن ئەمەسمۇ؟

## قۇياشقا چىقىمەن

بىر كۈنى، دادىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئايغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھېمىت دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— چوڭ بولغاندا، قۇياشقا چىقىمەن.

— قۇياشقا چىقساڭ، كاۋاپ بولۇپ كېتىسەن.

— بىلىمەن، شۇڭا كەچتە چىقىمەن.

## دەلدەڭشىنىڭ سەۋەبى

بەش ياشلىق بالا دادىسى بىلەن مەيخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىرنەچچە مەست دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەپتۇ. ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، بۇ قانداق يەر؟

دادىسى ئوغلىنى چوڭ بولغاندا ھاراق ئىچىپ يامان ئۆگىنىپ قالمىسۇن دەپ، سەل ئەقلىنى ئىشلىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، بۇ بىر مەكتەپ.

— ئۇنداقتا ئۇ يەردىن چىققانلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن دەلدەڭشىپ تۈز تۇرالمايدۇ؟

— چۈنكى ئۇلار بىرئازدىن كېيىن ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ، قورقۇۋاتقان گەپ.

## بوۋاي بىلەن نەۋرىسى

بىر كۈنى يېزىلىق بوۋاي نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە بېرىپتۇ. يولدا نەۋرىسى ۋېلسىپىت مىنىپ كېتىپ بارغانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بوۋا، ئۇلار نېمىشقا يىقىلىپ چۈشمەيدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئېگەردە ئولتۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟— دەپتۇ بوۋاي.

— ئېگەردە ئولتۇرسا كاسىسى ئاغرىمامدۇ؟— سوراپتۇ بالا ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ بوۋاي، — ئۇلارنىڭ ئاغرىققا چىدىيالماي توختىماستىن تېپچەكلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەسەن.





## تالىشىپ ئولتۇرۇۋېلىش

هاشىمجان ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. مېھمانلار ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشىپ تۆردە ئولتۇرۇشقا ئۇنىماپتۇ. هاشىمجاننىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى بۇنى كۆرۈپ بېرىپلا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ:

— سىلەر ئولتۇرمىساڭلار مەن ئولتۇ-راي،— دەپتۇ. بۇنى كۆرگەن هاشىمجان ئۇدۇل بېرىپ ئوغلىنىڭ بېشىغا بىر تەستەك سېلىپ:

— ئەدەپسىز، ئۆتە بۇياققا!— دەپتۇ.

هاشىمجاننىڭ ئوغلى بىر چەتكە ئۆتۈپ بېشىنى سىلىغىنىچە:

— بۇ ئورۇندا نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق ئا-دەم ئولتۇرمىغاندۇ دېسەم، ئەسلىدە ھەممىسى تاياق يېيىشتىن قورقۇپتىكەن-دە،— دەپتۇ.



## ئىككىنچى قېتىم دېمەسلىك



ئا: بايا نېمە دېدىڭ؟

ب: مەن گەپنى ئەزەلدىن ئىككى قېتىم دېمەيمەن.





ئا: نېمە؟

ب: مەن گەپنى ئەزەلدىن ئىككى قېتىم دېمەيمەن.

## تىراگېدىيە

ئوقۇتقۇچى: مەن سىلەرنى كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلغان دراما قانداقكەن؟ ئۇ بىر كومېدىيەلىك دراما بولۇپ، بەك قىزىقار-لىق، شۇنداقمۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇ كومېدىيەلىك ئەمەس، بەلكى تىراگېدىيەلىككەن.

ئوقۇتقۇچى: قانداقسىگە؟

ئوقۇغۇچى: پۈتۈن تىياتىرخانىدا ئاران 16 نەپەر تاماشىبىن بار تۇرسا، ئەجەبا بۇ تىراگېدىيە ئەمەسمۇ؟

## خوراز نېمە ئۈچۈن چىللايدۇ؟

ئوغلى: دادا، خوراز نېمە ئۈچۈن چىللايدۇ؟

دادىسى: بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەك بولار؟ ئېھتىمال بىرەر ئادەم يالغان سۆز-لەۋاتقان بولسا، خوراز چىللاپ كىشىلەرگە ئالدانماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە كېرەك.

ئوغلى: خوراز دېگەن سائەت تۆتتە، كىشىلەر ئۇخلاپ ياتقاندا چىللايدىغۇ؟

دادىسى: چۈنكى سائەت تۆتتە گېزىت-خانا گېزىت باسىدۇ.

## كەپتەر ۋە خەرىتە

دادىسى: بالام، كەپتەرلەر ئۇچۇپ كې-
تىپتۇ.

بالىسى: مەن ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىدىغان-
لىقىنى تۈنۈگۈنلا سىزىپ قالغان.

دادىسى: قانداق سىزىپ قالغان؟

بالىسى: تۈنۈگۈن مەن جۇغراپىيەدىن دەرس تەكرارلاۋاتقاندا، ئۇ مېنىڭ دولامغا قونۇۋېلىپ خەرىتىنى كۆرۈۋاتاتتى.

## ئۆزۈمدە بىرى بار ئىدى

مۇئەللىم زۇلپىيەدىن سورىدى:

— سەككىزگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟

زۇلپىيە جاۋاب بېرەلمىدى.

— مۇنداق دەيلى، — دېدى مۇئەل-لىم، — ئەگەر مەن ساڭا سەككىز كەپتەر بەردىم، ئاندىن يەنە ئىككىنى بەردىم، ئۇ چاغدا سەندە جەمئىي قانچە كەپتەر بولىدۇ؟

— 11 كەپتەر بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مىشا.

— نېمە ئۈچۈن 11 بولىدۇ؟

— چۈنكى مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر كەپتەر بار ئىدى.

## نېمە ئەڭ چوڭ

مۇئەللىم: دۇنيادا نېمە ئەڭ چوڭ؟

ئوقۇغۇچى: كۆز ئەڭ چوڭ.



مۇئەللىم: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى كۆز بىر يۇمۇلسا، ئۇ پۈتكۈل دۇنيانى يۇتۇپ كېتىدۇ.

## سىنىپ كۆچەلمەسلىك

بالىسى: دادا، مەن يەنە سىنىپتا قې-
لىپ قالدىم.

دادىسى: ئەي، مۇشۇ بالىنىزە..

بالىسى: دادا، ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمەڭ، بۇ قېتىم سىنىپتا كۆچەلمىگەن يال-غۇز مەنلا ئەمەس.

دادىسى: يەنە كىملەر بار؟

بالىسى: بىزنىڭ مۇئەللىم! ئۇ بۈگۈن يەنە بىزنىڭ سىنىپتا كېلىپ دەرس ئۆتتى.

## هاۋا بوشلۇقىدا

بىر بالا دۇربۇن كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشىدىن سورىدى:

— ئەپەندىم، سىز ئۇنىڭ بىلەن هاۋا بوشلۇقىدىكى هەرقانداق نەرسىنى كۆرە-لەمسىز؟

— ئەلۋەتتە كۆرەلەيمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن ئويناپ يۈرگەندە ئۇچۇپ كەتكەن پاقىرىمنى كۆرۈپ باقسىڭىز.



شارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقسىڭىز قانداق؟ مەن ئۇنى ئەتىگەندە يوقىتىپ قويغانىدىم.

## چىش ئارقىلىق

ئوقۇتقۇچى: ئىلھام، ئېيتىپ باقە، توخۇنىڭ يېشىنى نىمە ئارقىلىق پەرق ئېتىشكە بولىدۇ؟

ئىلھام: چىش ئارقىلىق ئەپەندىم.

ئوقۇتقۇچى: توخۇنىڭ چىشى يوق، بالام.

ئىلھام: توخۇنىڭ چىشى يوق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭ بار، ناھايىتى يۇمشاق بولسا ئۇ چۈجىنىڭ گۆشى، قاتتىق بولسا قېرى توخۇنىڭ گۆشى بولىدۇ - دە.

## قىزنىڭ ھۆكمى

بىر ئايال قىزى بىلەن قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتاتتى. ئېرى بىلەن ئوغلى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، تەخسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

— تەخسىنى چوقۇم ئانام چاقتى،— دېدى بالا كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ ۋە دادىسىغا قاراپ.

— سەن قانداق بىلدىڭ؟— سورىدى دادىسى.

— ئانامنىڭ چالۋاقاپ كەتمىگىنىگە قاراپ بىلدىم.

## زىيانكەشلىك قىلمايمەن

بىر كۈنى ئانىسى سالىھنى باغچىغا ھايۋاناتلارنى كۆرۈشكە ئاپىرىپتۇ. ئۇلار شىر سولاقلىق تۇرغان تۆمۈر قەپەسنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئانىسى ئوغلىغا دەپتۇ:

— قەپەسكە بەك يېقىنلاشمىغىن.

سالىھ دەپتۇ:

— ئانا خاتىرجەم بول، مەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلمايمەن.

## ئاكا بولۇش

خالىد ناھايىتى ياخشى كەمپۈتتىن بىر بولاق ئالدى-دە، مەكتەپكە باردى ۋە مەغرۇرلانغان ھالدا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئاندىن كەمپۈتنى ساۋاقداشلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئاخىرىدا مۇئەللىمگىمۇ بەردى.



— بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭمۇ؟— سورىدى مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق،— دېدى خالىد،— ئاخشام مەن ئاكا بولدۇم.

## ئادىل بولمىدى

مۇئەللىم جىدەل چىقارغان ئىككى ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىپ ھەر ئىككىسىگە ئۆز ئىسمىنى 500 قېتىم يېزىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلاردىن بىرى ناھايىتى كۆڭۈلسىز ھالدا يەنە بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەن نېمىشقا يازمايسەن؟— سورىدى مۇئەللىم ئۇنىڭدىن.

— بۇ ئادىل بولمىدى،— دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ،— ئۇنىڭ ئىسمى ئاران نۇر، بىراق مېنىڭ ئىسىم توختىمۇھەممەت.

## تاپشۇرۇق ئىشلەش

— ئابلەت، سەن تاپشۇرۇقلارنى دائىم خاتا ئىشلەيتتىڭ،— دېدى مۇئەللىم،— بۇ قېتىم ھەممىنى توغرا ئىشلەپسەن، داداڭ ئىشلەپ بەردىمۇ نېمە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس مۇئەللىم، ئاخشام دادام ئالدىراش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، بۇ تاپشۇرۇقلارنى ئۆزۈملا ئىشلىۋەتكەنىدىم.

## باھانە تېپىش

سادىر مەكتەپكە بارماسلىقنىڭ باھانىسىنى تېپىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ ئالدىغا باردى-دە، دېدى:

— دوختۇر، قورسىقىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟— دېدى دوختۇر.

— خۇددى پىل بالا تۇغماقچى بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن،— دەپ جاۋاب بەردى سادىر.

## قولى زەخىملەنگەندە

ئەزىمەت تەنتەربىيە دەرسىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىنى قايرىۋالدى، ئۇنى مەكتەپنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ قولىنى تېڭىپ قويدى. ئۇ دوختۇردىن سورىدى:

— دوختۇر، بۇ قولۇم بىلەن خەت يازالارمەنمۇ؟

— چاتاق يوق، مەن سېنىڭ نېمە خەتنى ئويلىساڭ شۇنى يازالايدىغانلىقىڭغا كاپالەتلىك قىلالايمەن.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بولدى،— دېدى ئەزىمەت،— ئەمىسە مەن بارلىق خام خەتلەرنى يادقا يېزىشتىن قورقمسام بولغۇدەك.





## چاقماق بىلەن توكنىڭ پەرقى

فزىكا دەرسى ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى:

— قىنى كىم چاقماق بىلەن ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان توكنىڭ پەرقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

بۇ ۋاقىتتا نەتىجىسى تۆۋەن بىر ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈردى-دە، دېدى:

— ئاسماندا چېقىلغان چاقماق بىزدىن توك پۇلى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما ئائىلىمىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان توك ئاي ئاخىرىغا كەلگەندە بىزگە بىر ۋاراق تالون ئەكەلدۇرۇپ بېرىدۇ.



## ئاگاھلاندۇرۇش

ئانىسى بالىسىغا تەنبىھ بېرىشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، مەن زادىلا ئىشەنمەيۋاتىمەن، سەن سىنىپقا كىرىپلا ئادەم تىللاپسەنغۇ؟



— ياق، ئانا، ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق يامان گەپلەرنى قىلماسلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم.

## كىم ئوينايدۇ

دادىسى ماگىزىندىن باللار ئوينايدىغان ئاپتوماتىك ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ بەش بالىسى تالاشقىلى تۇردى.

— بۇ ئايروپىلاننى ئانىسىنىڭ گېپىنى ھەممىدىن بەك ئاڭلايدىغان، ئانىسى بىلەن تاكاللاشمايدىغان، ئانىسى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان بىرىڭلارغا بېرىمەن، — دېدى دادىسى بالىلىرىغا قاراپ.

بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن بالىلارنىڭ ھەممىسى سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېيىشتى.

— دادا، ئۇنداقتا بۇ ئايروپىلاننى سەنلا ئوينىساڭ بولغۇدەك.



## باھا

بالىسى: دادا، سىز نەدە ئىشلەيسىز؟

دادىسى: مەن مال باھا ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن.

بالىسى: ئۇنداقتا ھەممە مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدىكەن-دە.

دادىسى: ھەئە.





بالىسى: ئۇنداقتا شاكىلاتنىڭ باھاسىنى ئەرزان قىلىپ قويسىڭىز.

## مۈشۈك بولغانلىقى ئۈچۈن

دادىسى: بالام، سەن ھازىر ھايۋاناتشۇناسلىقنى ئۆگىنىۋاتىسەن، بېلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن سۇدىلا ياشىيالايدىغانلىقىنى، قۇرۇقلۇقتا ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

بالىسى: چۈنكى قۇرۇقلۇقتا مۈشۈك بار.

## قاندىقىنى تاللىماقچى ئىدىڭ

ئىككى بالا رېستورانغا كىرىپ تاماق يەپتۇ. خىزمەتكار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرى چوڭ، بىرى كىچىك بېلىقتىن ئىككىنى كەلتۈرۈپتۇ. بىر بالا ئالدىراپ ئالدى بىلەن چوڭ بېلىقنى ئۆزىنىڭ تەخسىسىگە سېلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر بالا خاپا بولۇپتۇ-دە، دەپتۇ:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟

— ئەگەر سەن ئالدى بىلەن ئالغان بولساڭ، قايسىسىنى ئالاتتىڭ؟— دەپتۇ ئالدىنقى بالا.

— ئەلۋەتتە كىچىكىنى ئالاتتىم،— دەپتۇ كېيىنكى بالا.

— قىزىق ئىش،— دەپتۇ ئالدىنقى بالا،— سەن ئەسلىدىلا كىچىكىنى ئالىدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن خاپا بولىسەن؟



## ئايدىكى قىستاڭچىلىق

بىر كۈنى جۇغراپىيە مۇئەللىمى دەرسخانىدا ئاي توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاي شارى بەك چوڭ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئادەم ئولتۇراقلىشالايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بىر ئوقۇغۇچى تۇساتتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.



— نېمىگە كۈلىسەن؟— سوراپتۇ مۇئەللىم.

— ئاي ئورغاق شەكلىگە ئايلىنىپ قالغاندا ئۇ يەردىكى ئادەملەر قانچىلىك قىستا-قىستاڭچىلىق ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۈلۈۋاتىمەن،— دەپتۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى.



## مەن پەقەتلا يوق

ئوقۇتقۇچى: ئىنگلىشىمچە، ئالدىنقى سائەتتە نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا رىئايە قىلمىدى، ئۇششاق گەپ، قۇتراپ ئولتۇرالماسلىق، بۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار.

ئوقۇغۇچى: مەن يوق.





ئوقۇتقۇچى: سەن راستىنلا ئىنتىزام بۇزمىدىڭ؟

ئوقۇغۇچى: راستىنلا مەن يوق، مەن دەرس باشلىنىپلا ئۇخلاپ قالغان تۇرسام.

## ئىگىسى...

مۇئەللىم بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— «ھۆرۈن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى نەدە؟

ئوقۇغۇچى ئويلانمايلا جاۋاب بەردى:

— شۇنىمۇ بىلمەمسىز، ئىگىسى ھازىر مازاردا بولمامدۇ.



## بالىنىڭ جاۋابى

كىچىك سىيىپ ياتىدىغان بىر بالىنى دادىسى نائۇستا تېۋىپقا كۆرسىتىپتىكەن، تېۋىپنىڭ دورىسىنى يېگەن بالىنىڭ ئاشقازىنى بۇزۇلۇپ، دائىم ياندۇرىدىغان بوپقاپتۇ:

— قانداقراق بالام؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى، — دورا مەنپەئەت قىلغاندەكمۇ؟

— ھەئە، مەنپەئەت قىلدى، — دەپتۇ بالىسى، — سىيىپ ياتىدىغان ئادەمنى قۇسۇپ ياتىدىغان قىلىپ قويدىڭىز.







## مىسال كۆرستىش

مۇئەللىم: ئابلەت، سەن تازا ماس كەلگەن مىسالدىن بىرنى كۆرستىپ باقامسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئانام بىلەن دادام بىر كۈن ئىچىدە توي قىلغانىكەن.

## قىزىق جاۋاب

بىيولوگىيە دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن:

— سوغۇق قان تىپتىكى ھايۋانلار قايسىلار؟ — دەپ سورىدى.

گۈلزىبا ئورنىدىن دەرس تۇردى-دە، دەرھال جاۋاب بەردى:

— توڭلاتقۇدىكى بېلىق.

## چىدىماس ئېشەك

ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى كېسىۋېلىنغاندا، ئېشەك زار-زار قاقشاپ ھالىدىن كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كېسىۋېلىنغان قۇيرۇقى ئۇنىڭغا:

— قانداق چىدىماس نېمە سەن، مېنىڭدىن بىر پۈتۈن ئېشەكنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىمۇ غىڭ قىلمىدىم. سەن بولساڭ بىر تۇتام قۇيرۇقۇڭ ئۈچۈن شۇنچىۋالا داد-پەرياد سالىسىنا! — دەپتۇ.

## سوئال سوراش

مۇئەللىم: سىز نېمىشقا بىرەر قېتىممۇ سوئال قويۇپ باقمايسىز؟
ئوقۇغۇچى: مەن باشقىلاردەك دۆت ئەمەس!

## «مەن نېمە دېدىم»

مۇئەللىم: ئەلى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن ھازىر نېمە دېدىم؟
ئەلى: ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ دېدىڭىز.

## «چاي ئىسسىق تۇرسۇن دەپ»

ئانىسى: بالام، چايداننى نېمىشقا مەشنىڭ قېشىغا قويىسەن؟
نەۋرىسى: چاي ئىسسىق تۇرسۇن دەپ.

## سوئالغا جاۋاب

تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسىدىن مۇئەللىم سورىدى:
— بىرگە نۆلنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟
ئوقۇغۇچى: ئون.
مۇئەللىم: نۆلگە نۆلنى قوشسىچۇ؟
ئوقۇغۇچى: 00 بولغۇدەك مۇئەللىم.

## بۇيرۇق

— مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئالدىغا ئۈچ قەدەم چىقىڭلار! — دېدى مۇئەللىم. ئۈچ ئوقۇغۇچى ئالدىغا چىقتى.



— ناھايىتى ياخشى! ئەمدى ئالتىڭلار بۇ پىيانىنونى3 - قەۋەتكە كۆتۈرۈپ چىقىڭلار.

## خاتالىشىش

ئانىسى: سەنەۋەر، بۇ يىپ چىگمۇ، چىلك ئەمەس؟
قىزى: كۆزىڭىز يوقمۇ، ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ!
ئانىسى: سەن نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن تاكاللىشىسەن؟
قىزى: ئاپلا، خاتالىشىپتىمەن، مەن تېخى ماگزىنىدا ئىشلەۋاتقان ئوخشايمەن دەپ قاپتىمەن.

## ئۇخلاۋېتىپ

— ناسىر، سىز بۈگۈن دەرستە سۆزلەپلا ئولتۇردىڭىز، خىجىل بولۇشنى بىلەمسىز؟
— كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، مەن ئەزەلدىن ئۇخلاۋېتىپ گەپ قىلىپ باقمىغان.



## ھەۋەس

ئاتا: سىلەرنىڭ سىنىپتا كىمنىڭ ماتېما-تىكا ھەۋىسى ئەڭ سۇس؟

بالا: تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ.

ئاتا: نېمە ئۈچۈن؟

بالا: تەنتەربىيە مۇئەللىمىمىز ئارانىلا تۆتكىچە سانىيالايدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىزگىچە، بەزىدە ئىككىگىچە ساناپ بىرگە قايتىپ كېتىدۇ.

## ئۆي ئىجارىسى



قىزى: ئاپا، بىزمۇ قىممەترەك ئۆيدە ئولتۇرساق قانداق؟

ئانىسى: ئالدىرىما قىزىم، ئۆي ئىگىسى ئەتىدىن باشلاپ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈ-رىدۇ.

## ئىس - تۈتەك ئايلىنىدىغان جاي



مۇئەللىم: قايسى ساۋاقداشلار دۇنيانىڭ قايسى جايىدا ئىس - تۈتەك دائىم ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: مېنىڭ دادامنىڭ يېنىدا.





## ئالما يېيىش

بالا: ئانا، ماڭا بىر دانە ئالما بېرىڭ.

ئانا: بالام، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئالملار ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالدى.

بالا: ياق، كىچىكى ئۇخلاپ قالغان بو-لۇشى مۇمكىن، لېكىن چوڭى چوقۇم تېخى ئۇخلىمىدى.

## تۆكى يوق توخۇ

شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان شەپقەت يېزىغا بېرىپتۇ. ئۇ دان يەۋاتقان توخۇنى كۆرۈپ دادىسىدىن:

— ئۇ قانداق قۇش؟— دەپ سوراپ-تۇ.

— ئۇ توخۇ.

— نېمىشقا باشقىلار ماڭا سوۋغا قىلغان توخۇغا ئوخشىمايدۇ؟

— قانداق؟

— سوۋغا قىلىنغان توخۇلارنىڭ ھەم-مىسىنىڭلا تۆكى يوق ئىدىغۇ.

## شامال چىقىۋاتسا...

يېڭىلا كىيگۈزۈپ قويغان كىيىملىرىنى لاي، توپىغا مىلەپ كىرگەن ئوغلىنى كۆر-گەن ئانا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن نېمە ئۈچۈن كىيىملىرىڭنى ھەمىشە كىر قىلىپلا يۈرۈيسەن؟

ئوغلى: تالادا شامال چىقىۋاتسا، ماڭا نىمە ئامال.

## ئىگىسىنى تونۇيدۇ

بالىسى: دادام هاراق ئىچىپ كوچىدا قونۇپ قالسا ئىتلار چىشلىۋالمامدۇ؟
ئاپىسى: ئىتلارمۇ باققان ئىگىسىنى تونۇيدۇ بالام.
بالىسى: هە! شۇڭلاشقا ئىتلار دادام بىلەن بىللە ياتىدىكەن ـ دە.

## ئوقەتچىنىڭ باللىرى

ئا: دادام دېگەن پويىزدا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا بېرىپ ئوقەت قىلىدۇ.
ب: دادام دېگەن ئايروپىلانغا چۈشۈپ چەت ئەلگە بېرىپ ئوقەت قىلىدۇ.
س: دادام دېگەن راكېتاغا چۈشۈپ ئاي شارىغا بېرىپ ئوقەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

## بىلىق يېيىش

ئا: سەن بىلىق يېيىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟
ب: ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن.
ئا: قانداق بىلىقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىسەن؟
ب: قىلتىرىقى يوق بىلىقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن.



## پەرق

ئوقۇتقۇچى: سەن دەپ باقە، سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ قانداق پەرقى بار؟
ئوقۇغۇچى: هاۋا سوغۇق بولسا جىسىملار تارىيىدۇ، هاۋا ئىسسىق بولسا جىسىملار كېڭىيىدۇ.
ئوقۇتقۇچى: قېنى مىسال ئېلىپ سۆزلەپ باق.
ئوقۇغۇچى: قىشتا هاۋا سوغۇق بولغاچقا كۈندۈز قىسقا بولىدۇ. يازدا هاۋا ئىسسىق بولغاچقا كۈندۈزى ئۇزۇن بولىدۇ.

## پۇتى قىسقا

بالىسى: دادا، توخۇنىڭ پۇتى نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىسقا بولىدۇ؟
دادىسى: هەي دۆت، ئەگەر توخۇنىڭ پۇتى ئۇزۇن بولسا، تۇخۇم تۇغقاندا تۇخۇم چېقىلىپ كەتمەمدۇ؟

## نېمە كېرەك

بالىسى: ئاپا، تۇغۇلغان كۈنۈمگە نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟

ئاپىسى: گەپ ئاڭلايدىغان بىر بالا بولسا بولىدۇ!

بالىسى: نېمە؟ ئۇ ۋاقىتتا ئىككى بالا بولۇپ كەتمەمدۇق.

## كونا پوپايكا

ئوقۇتقۇچى: قويىنىڭ بەدىنىدىن نېمە ئالغىلى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: يۇڭ.

ئوقۇتقۇچى: يۇڭدىن نېمە توقۇغىلى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: بىلمەيمەن.

ئوقۇتقۇچى: سېنىڭ پوپايكاڭنى نېمىدىن توقۇغان؟

ئوقۇغۇچى: مېنىڭ پوپايكامنى بوۋامنىڭ كونا پوپايكىسىدىن ئۆزگەرتىپ توقۇغان.



## كومپاس

ئوغلى: دادا، مەن ساڭا بىر كومپاس ياساپ قويدۇم.

دادىسى: ئۇنى ماڭا بېرىپ نېمە قىلىسەن؟

ئوغلى: سەن دائىم هاراق ئىچكەندە يولدىن ئېزىقىپ قالىسەن ئەمەسمۇ.

## تاقىر باش

ئوقۇتقۇچى: قۇملۇق بولسا ناهايىتى كەڭرى كەتكەن بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە هېچ نەرسە ئۈنمەيدۇ.

ئوقۇغۇچى: ئەمدى چۈشەندىم، دادامنىڭ تاقىر بېشى ئەسلىدە بىر قۇملۇق ئىكەن-دە.

## تۈت يىل بولدى

ئا: مېنىڭ بوۋام ياش ۋاقتىدا سۇغا چۆمۈلگەندە سۇ ئىچىدە بەش مىنۇت تۇرالايدىكەنتۇق.

ب: مېنىڭ بوۋام ئون مىنۇت تۇرالايدىكەن.

س: مېنىڭ بوۋامنىڭ سۇ ئىچىدە تۇرغىنىغا تۈت يىل بولاي دەپ قالدى، تاكى هازىرغىچە چىقمايۋاتىدۇ.



## شىددەتلىك جەڭ

ئوقۇتقۇچى: «شىددەتلىك جەڭ» ھېكايىسىدىن بىرنەچچىنى سۆزلەپ باقە.

ئوقۇتقۇچى: كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، ئاپام ماڭا «ئۆيدىكى ئىشلارنى سىرتقا يايما» دېگەنىدى.

## قىزىقارلىق سودا

ئادىل بىلەن تۇرسۇن يەتتە ياشلىق بالىلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ئەتىگەن كوچىغا چىقىپ توقاچ ساتماقچى بولدى. ئادىلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بۇ 12 توقاچنىڭ ھەربىرىنى بىر يۈەندىن ساتقىن، بىرنىمۇ يېمىگىن، دوستۇڭغىمۇ بەرمىگىن، — دەپ تاپىلىدى. تۇرسۇننىڭ ئانىسىمۇ شۇنداق تاپىلىدى. لېكىن يېرىم كۈن ئۆتۈپ كېتەي دېدى، ئادىل ئاران بىر توقاچ ساتتى، ئەمما قورسىقى ئېچىپ كەتتى. ئۇ بىر ئەقىل تاپتى-دە، بىر توقاچ ساتقان بىر يۈەنگە دوستى تۇرسۇننىڭ توقىچىنى ئېلىپ يېدى. تۇرسۇننىڭمۇ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئادىلنىڭ بىر توقىچىنى ئېلىپ يېدى. شۇنداق قىلىپ كەچ كىردى. ھېلىقى بىر يۈەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەر ئىككىسى ئېلىپ چىققان توقاچ سېتىلىپمۇ بولدى، يېيىلىپمۇ بولدى.



## ئەجەبلىنىش

بىر كۈنى بىر بالا ئانىسىدىن بىر سوئال سوراپتۇ:

— ئانا، ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەنمۇ؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى.

— شۇڭلاشقا مايمۇنلار ئازلاپ كېتىپتىكەن-دە، — دەپتۇ بالىسى.

## بىر ئەزا قوشۇلغاندا

— زۇلخۇمار، سەن تۈنۈگۈن نېمىشقا دەرسكە كەلمەيسەن؟

— چۈنكى بىزنىڭ ئۆيگە يېڭىدىن بىر ئەزا قوشۇلدى. ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلىدۇق.

— مەنمۇ سىنى تەبرىكلەيمەن، ساڭا بىر ئۇكا قوشۇلۇپتۇ-دە.

— ياق، يېڭى دادا قوشۇلدى.





## گەپ قىلمىدىڭغۇ

ئا: بىزنىڭ ئاسلان يوقاپ كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى، سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىپ قالمىغاندۇ؟

ب: نەدىكىنى، ئۇ كىرىپ قالغان بولسا دەرھال ئەكىرىپ بەرمەمدىم.

ئا: ۋاي ئىست، ئۇنىڭغا بىر كۈندە ئون جۈملە سۆز قىلىشنى ئۆگەتكەنىدىم.

ب: يالغان، ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدىمۇ؟!

## قىلالايدۇ

بالىسى: دادا، مۇئەللىم بىزگە نادان ئادەملەر بەزى چاغلاردا بىلىملىك ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ دەيدۇ، بۇ راست گەپمۇ؟

دادىسى: راست بالام، ئۇلار بىلىملىك ئادەملەر نەپرەتلىنىپ يىرگىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى قىلالايدۇ.

## چۈمۈلىنى كۆرۈپ

— قارا، بالام،— دەپتۇ ئانىسى،— چۈمۈلە نېمىدېگەن ئەمگەكچان، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي خىزمەت قىلىدىكەن، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلمايدىكەن.

— ئۇ دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى ئانا،— دەپتۇ بالىسى،— مەن تۈنۈگۈن شەھەر سىرتىدىكى ساياھەت رايونىدا ئۇلارنى كۆرۈپ قالدىم.

## تەلىم بېرىش

ئوغلى دادىسىغا دېدى:

— مەن دوختۇرخانا ئاچماقچى ئىدىم، سىز ماڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرلىرى ھەققىدە بىرئاز تەلىم بەرسىڭىز.

پېشقەدەم دوختۇر دەرھال تەلىم بەردى:

— مەن بەربىر دەم ئېلىشقا چىقماقچى بولۇۋاتقان ئادەم، بۇ ھەقتىكى سىرلارنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، سەن دىياگنوز قەغىزىگە خەتنى ئوقۇيالمىغۇدەك تۇتۇق ياز، ئەمما پۇل ئېلىش قەغىزىگە خەتنى چىرايلىق، ئوچۇق يار.

## ھاراقنىڭ زىيىنى

ئەخلاق ئوقۇتقۇچىسى: مەن سىلەرگە ھاراقنىڭ زىيىنىنى مىسال بىلەن چۈشەن-

دۇرمەكچىمەن. ئەگەر ئىككى رومكىغا بىردىن چىۋىننى سېلىپ، بىرىگە سۇ، يەنە بىرىگە هاراق قۇيساق، سۇدىكىسىنىڭ ئۈزۈپ يۈرگىنىنى، هاراقتىكىسىنىڭ دەرهال ئۆلۈپ، لەيلەپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. سىز ئېيتىڭا، بۇ تەجرىبىدىن نېمىنى چۈشىنىۋالدىڭىز؟

ئوقۇغۇچى: چىۋىن ئادەم بولمىغاندىكىن، ئۇنى هېچكىم باشقۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇ هاراقنى خالىغىنىچە ئىچىۋالالايدۇ.

## نارازىلىق

ئاكىسىدىن ئاشقان كىيىملەرنى كىيىپ، ئاكىسى كونىرىتىۋەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ زېرىككەن بىر بالا ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، مەن چوڭ بولغاندا ئاكامنىڭ خوتۇنىنى ئالامدىم؟

## ئەخلاق

بالا: دادا، ئەخلاقلىق بولۇش دېگەن نېمە؟

ئاتا: بۇنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرەي، ئەگەر دۇكىنىمىزغا بىر خېرىدار كىرىپ نۇرغۇن مال سېتىۋالسا، يەنە ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرمۇنچە پۇلنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالساڭ... هە، بۇ پۇللارنى ئۆزۈڭ تىقىۋالساڭ ئەخلاقسىز بولىسەن، داداڭغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ ئەخلاقلىق بولىسەن.

## كىنو

تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالا تۇنجى قېتىم كىنو كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى سوراپتۇ:

— ياخشىمىكەن؟

بالا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ياخشىكەن، نېمىدېگەن چوڭ تېلېۋىزور ئۇ بىراق، قانال يۆتكىگىلى بولمايدىكەن.

## بەسلىشىش

ئۈچ بالا بايلىق توغرىسىدا بەسلىشىپ قاپتۇ.

بىرىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن ئالماسلىرى بار، ئۇلار ساندۇقتا سېلىقلىق.

ئىككىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار، ئۇلار بانكىغا قويۇقلۇق.





ئۈچىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن كېيىملىرى بار، ئۇلار گۆرۈخانىنىڭ ئامبىرىدا ساقلاقلىق.

## قانۇن

ئوغۇل: دادا، نېمە ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ بىرلا خوتۇنى بولۇشى كېرەك؟

ئاتا: ھەي، بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن. قانۇن دېگەن ئۆز - ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ.

## يوقاپ كەتكەن توخۇ

— مېنىڭ كۈركە توخۇيۇمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمىدىم، بىراق مېنىڭ مۈشۈكۈمنىڭ ئىشتىھاسى توساتتىن تۇتۇلۇپ قالدى.

## مەكتەپ ئاشخانىسىدا

— بۇ ئاشخانا ھەر كۈنى بىر خىللا قورۇما قورۇۋاتىدۇ، سىلەر قورۇمىلارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىۋەتسەڭلار، بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ يېسەك بولمامدۇ؟ — دېدى مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپ مۇدىرىغا قاراپ نارازى بولغان ھالدا.

— تاللىساڭلار بولىدۇ، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى.

— ئۇنداقتا سىلەر قورۇمىلارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتەمسىلەر؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىلەر تاماق يېيىشنى ياكى يېمەسلىكنى تاللىساڭلار بولىدۇ.

## گۆدەك بالا

بومبا ساقال بىر ئادەم ئاپتوبۇسقا چىققانىدى، بوش ئورۇن بولمىغاچقا، ئۇ ساڭگىلاپ تۇرغان تاسمىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنكى بىر بېكەتتە ئوغۇل بالا ماشىنىغا چىقتى. ئۇ بەكمۇ پاكار بولغاچقا، تاسمىغا قولى يەتمەي، ھېلىقى بوۋاينىڭ ساقىلىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

ماشىنا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بوۋاي ئېغىشىپ كىچىك بالىغا:

— بالام، قولۇڭنى بوشاتامسەن؟ — دېدى.

كىچىك بالا ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى:

— نېمىشقا؟ ماشىنىدىن چۈشەمسىز؟



## رەڭ

— دادا، رەڭ بەك قىممەتمۇ؟

— ياق، سەن بۇنى نېمىشقا سورايسەن؟

— چۈنكى مەن بىر قۇتا رەڭنى ئەدىيالغا تۆكۈۋەتسەم ئاپام ناھايىتى ئاچچىقلاپ.

## قىبلىنەما

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «باشقىلارغا كۆپ بېرىپ، ئاز ئېلىش» قىبلىنەماسىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشنى جېكىلەپتۇ.

— مېنىڭ دادام ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن، — دەپتۇ زەمىرە. مۇئەللىم خۇشال بولۇپ سوراپتۇ:

— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بوكسىيورچى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

## خاسىيەتلىك بالا

توختى ئامېرىكىغا بېرىپ كەپتۇ. دوستى ئۇنىڭدىن ئامېرىكىدا ئۆزىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ.

— مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، — دەپتۇ توختى، — پەقەتلا ئويلىماپتىمەن، ئۈچ باشلىق بىر بالا كىچىككىنە تۇرۇپمۇ ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىكەن.

## ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىش

— مەن چوڭ بولغاندا، ساقچى بولۇپ، ئاتامنىڭ ئىزىنى باسىمەن.

— مەن تېخى سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ئۇ ساقچى ئەمەس، ئوغرى.

## ئىسپات

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ھاراقنىڭ زىيىنىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن، بىر قۇرتنى بىر رومكا ھاراقنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويسا، قۇرت شۇ زامان ئۆلۈپتۇ.

ئوقۇتقۇچى:

— كۆپچىلىك، بۇ نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ، ئادەم ھاراق ئىچسە، قورسىقىدا قۇرت بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەزىمەت.





## يېڭى رېكورت

ئۈچ بالا ئۆز دادىلىرىنى ماختىشىۋاتاتتى.

ئا: مېنىڭ دادام 100 كىلوگرام گازىردىن 50 كىلوگرام ماي چىقىرىپ، يېڭى رېكورت ياراتتى.

ب: ئۇ قانچىلىك ئىشتى. مېنىڭ دادام 100 كىلوگرام گازىردىن 55 كىلوگرام ماي چىقاردى. يېڭى رېكورت ياراتتى، دېسە، مېنىڭ دادامنى دېسە بولىدۇ.

س: سىلەرنىڭ داداڭلارنى يېڭى رېكورت ياراتتى دېگىلى بولمىغۇدەك، مېنىڭ دادام 100 كىلوگرام گازىرنى زاۋۇتنىڭ ماشىنىسىدا ماي چىقارغىلى ئېلىپ كەتكەن، نەتىجىدە دادام ئۇنىڭدىن 200 كىلوگرام ماي چىقىرىپ ئېلىپ كەپتۇ.



## ياندۇرۇپ سوراش

مۇئەللىم: ئا ئورۇن بىلەن ب ئورۇننىڭ ئارىلىقى بەش كىلومېتىر بولسا، ب ئورۇن بىلەن ئا ئورۇننىڭ ئارىلىقى قانچە كىلومېتىر بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇقمايمەن.

مۇئەللىم: مۇشۇنداق ئاددىي سوئالنىمۇ ئۇقمامسەن؟ ب ئورۇن بىلەن ئا ئورۇننىڭ ئارىلىقىمۇ بەش كىلومېتىر بولمامدۇ؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، باللار بايرىمى بىلەن دۆلەت بايرىمىنىڭ ئارىلىقىدا تۆت ئاي بار ئىكەن، ئەمما دۆلەت بايرىمى بىلەن باللار بايرىمىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ تۆت ئاي بارمۇ؟



## ئاشكارا قىلىش

ئاپا، مەن بايا سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى قىرغىقىدىكى ئورۇندۇقنى غۇلىتىۋەتتىم.

— ھېچقىسى يوق، ئورۇندۇقنى يۆلەپ قويسىلا بولىدۇ.

— ئەمما ئورۇندۇقتا بوۋام ئولتۇرۇپتىكەن، ئۇمۇ بىللە سۇغا غۇلاپ كەتتى.

## ئاي شارىغا چىقىش

تاھىر دادىسىدىن:

— دادا، ئىنسانلار نېمىشقا تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئاي شارىغا چىقماقچى بولىدۇ؟— دەپ سورىغانىكەن، دادىسى پەرۋاسىز قىياپەتتىلا:

— ئاي شارىدا ئاي پەرىسى دەيدىغان گۈزەل بىر قىز بولغانلىقى ئۈچۈن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





## مۇئەللىم خاتىرىلىۋالدى

ئوقۇش باشلىنىپ، بەش ياشلىق تۇر-غۇن ئاپىسى بىلەن خۇشال ھالدا مەكتەپكە تىزىملاتقىلى بېرىپتۇ. ئۆيگە قايتىشىدا قوش-نىسى ئۇنىڭدىن:

— كىچىك دوست، ئىسمىڭىز نېمە؟— دەپ سورىغانىكەن، تۇرغۇن:

— ئىسمىمنى مۇئەللىم خاتىرىلىۋال-دى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مەندە قېرىنداش يوق

ئوقۇتقۇچى: ساۋاقداشلار، سوئالغا جا-ۋاب يازغاندا چوقۇم قېرىنداش بىلەن يې-زىڭلار.

نىغمەت: لېكىن مەندە قېرىنداش يوق، مۇئەللىم.

ئوقۇتقۇچى: ئويلاپ باقىنا، ئۇرۇشقا ماڭغان ئەسكەرنىڭ قورالى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

نىغمەت: ئوفتسىز بولىدۇ، مۇئەللىم!

## كۆتۈلمىگەن جاۋاب

مۇئەللىم ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتىنى شەرھلەۋېتىپ دەپتۇ:

— بىر ئادەم خاتالاشقاندىمۇ مۇرەسسە قىپتۇ، توغرا قىلسىمۇ مۇرەسسەلىشىپتۇ، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟



— توي قىلغانلىقىنى،— دەپتۇ ئول-تۇرغانلاردىن بىرى.

## قېرىنداشلىق مېھرى

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەير - ساخاۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈ-شىنىۋېلىشى ئۈچۈن:

— جاپپار، ئەگەر مەن بىر ئادەمنىڭ بىر ئېشەكنى قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، بېرىپ ئۇ ئادەمنى توسۇۋالسام، مې-نىڭ بۇ ئىشىم قانداق خىسلەت؟— دەپتۇ.

— قېرىنداشلىق مېھرى،— دەپتۇ جاپپار.

## ئاپتاپقا قاقلانغانسېرى

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، سىز ھۆل نەرسە-لەرنى قۇياش نۇرىغا يېيىپ قويسا قۇرۇيدۇ دېگەنىدىڭىز، راستمۇ؟

مۇئەللىم: شۇنداق.

ئوقۇغۇچى: ئۇنداقتا بەدىنىمىزدىكى تەر نېمە ئۈچۈن ئاپتاپتا تۇرغانسېرى كۆپىيىدۇ؟







## قىيالماسلىق

ئانىسى: بۇ بالا بەكمۇ بىچارىكەن، ئاتىسىنى يوقىتىپتۇ، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتىنىمۇ يوقىتىپتۇ. سەن ئىتىڭنى بۇ بالىغا بېرىشنى خالامسەن؟

بالىسى: ئانا، بىز دادامنى بېرىۋەتمەمسىز؟



## دادىسىنى دوراش

قىزى: ئاپا، ئاكام مەست بولۇپ ئىشىك ئالدىدا يېتىپ قاپتۇ.

ئانىسى: قارىغىنا، ئاكاڭمۇ داداڭنى دورىغان ئوخشايدۇ.

دادىسى: يالغان، مېنى دورىغان بولسا، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يېتىپ قالاتتى.



## كىرئالغۇنى توختىتىش



بالىسى: دادا، مەن رېمونت ئىشلىرىغا خېلى پىششىپ قالغاندەك قىلىمەن، ئاپام تۈنۈگۈن كىرئالغۇنى توختىتالمىغانىكەن، ئۇنى دەرھال توختىتىپ بەردىم.

دادىسى: قانداق قىلىپ؟

بالىسى: توك سىملىرىنى كېسىۋېتىپ.

## خاتىرجەم بول

دادىسى: ئوغلۇم، يېقىندىن بۇيان سېنىڭدىن ئەھۋال سورىيالمىدىم، ئوقۇش نەتىجىلىرىڭ قانداقراق؟

بالىسى: دادا، خاتىرجەم بول، مۇئەللىم مېنى بۇ قېتىمقى ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا، دەرسلەردە ئارقىدا بولسىمۇ، بوكسچىلىقتا سىنىپىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا، دەپ ماختاپلا كەتتى.

## تەجرىبە

ئا: دوستۇم، مەكتەپتىكى ئاساسىڭنى پۇختىلايمەن دېسەڭ، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ تەجرىبەمنى ئۆگەنگىنىڭ تۈزۈك.

ب: قانداق تەجرىبە ئۇ؟

ئا: ھەربىر يىللىقتا ئىككى ـ ئۈچ يىل ئوقۇش تەجرىبىسى.

## ئاچچىق ئەمەسكەنغۇ

دادىسى: ئوغلۇم، دورىڭنى ئىچىۋالساڭچۇ!

بالىسى: ياق، ئۇ دورا بەك ئاچچىق ئىكەن. ئىچمەيمەن.

دادىسى: مەن شۇنچىۋالا ئاچچىق ھاراقنى ئىچىمەنغۇ، سەن دورىنىمۇ ئىچەلمەمسەن؟

بالىسى: يالغان ئېيتىسەن، ئاخشام سەن ماڭا زورلاپ ئىچۈرۈۋەتكەن ھېلىقى ھاراق دورىدەك ئاچچىق ئەمەسكەنغۇ؟

## قىستاڭچىلىق بولىدۇ

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ سىنىپ ھېساب ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراپ، 40 نى 40 قا قوشساق، يەنى سىنىپىمىزدىكى 40 ئوقۇغۇچىغا 2 ـ سىنىپتىكى 40 ساۋاقداشنى قوشقاندا جەمئىي قانچە بولىدۇ؟ — دېدى.

— قانچە بولاتتى، سىنىپىمىزدىكى ئۈستەل ـ پارتىلار يېتىشمەي قىستاڭچىلىق بولىدۇ، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىپ.

## كىم ئېرىشكەن چاۋاك ئەڭ كۆپ

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئانا بەش ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ باغچىغا كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىپتۇ. كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئانا ئوغلىدىن:

— قېنى سەن دەپ باقە، بۈگۈن كىم ئېرىشكەن چاۋاك ئەڭ كۆپ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغلى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئەستايىدىللىق بىلەن:

— پاشا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قىزنىڭ ھېسابات خاتىرىسى

قىزنىڭ تېجەشلىك بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، كېرەكسىز سودىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئانىسى قىزىغا ھەر ئايدا خەجلىگەن پۇللارنى خاتىرىلەپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ، بىر كۈنى ئۇ بىر تەرەپتىن ھېساباتنى خاتىرىلىگەچ بىر تەرەپتىن دەپتۇ:

— ئانا، سىز مېنى بۇنى خاتىرىلەشكە بۇيرۇغاندىن بۇيان، مەن نەرسە ئېلىشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان بولدۇم.

بۇنى ئاڭلىغان ئانىسى خۇش بولۇپ تۇرسا، ئۇ يەنە دەپتۇ:

— نېمىنىڭ ئىسمىنى يېزىش تەس بولسا، شۇ نەرسىنى ئالمايدىغان بولدۇم.

## ھەپتىگە نۆل

يەكشەنبە كۈنى رەجەپ بالىسىنىڭ ئەقلىنى سىناش ئۈچۈن سورىدى:

— بالام، بۈگۈن ھەپتىگە نەچچە؟

— بۈگۈن دېگەن يەكشەنبە تۇرسا، — دېدى بالىسى، — ھەپتىگە نۆل بولمامدۇ؟!







## ھۇرۇنلۇق دېگەن نېمە؟

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا «ھۇرۇنلۇق دېگەن نېمە؟» تېمىسدا بىر پارچە ماقالە يېزىشنى تاپشۇردى.

تاپشۇرۇق دەپتەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىم بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ماقالە دەپتىرىنى تەكشۈردى، بىرىنچى، ئىككىنچى بەتلەردە بىرمۇ خەت يوق، پەقەت ئۈچىنچى بەتتە مۇئەللىم بىر جۈملە خەتنى، يەنى «مانا مۇشۇنداق» دېگەننى بايقىدى.



## ئىنگلىزچە ئۆگىنىش

بالىسى: دادا، ئىنگلىزچە ئۆگىنىش تەسمۇ؟

دادىسى: يېڭى باشلىغاندا تەس، بىراق كەينىنى ئۆگەنگەندىن ئاسانلىشىپ كېتىدۇ.

بالىسى: ئۇنداقتا مەن كەينىنى ئۆگىنەي!



## تامغا

مۇئەللىم: سەن ئىمتىھان قەغىزىنى ئاتا - ئاناڭغا كۆسەتمىدىڭمۇ؟

ئوقۇغۇچى: كۆرسەتتىم.

مۇئەللىم: ئۇنداقتا نېمىشقا ئائىلە باشلىقىنىڭ تامغىسى يوق؟

ئوقۇغۇچى بىلىكىدىكى چىۋىق ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ:

— تامغا مانا بۇ يەردە، — دېدى.



## مەن نېمە دەيمەن

مۇئەللىم: ئابلەت، نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟

ئابلەت: ئاپام ئاغرىپ قالغانتى، دورا ئالغىلى باردىم.

مۇئەللىم: زاھىر، سەنچۇ؟

زاھىر: سائىتىم كېيىن قاپتۇ.

مۇئەللىم: ئۇنداقتا، سابىر سەنچۇ؟

سابىر: بېشىم ئاغرىپ قالغانتى.

مۇئەللىم: راخمان، سەن نېمىگە يىغلايسەن؟

راخمان: ئۇلار سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى دەپ بولدى، مەن نېمە دەيمەن؟

## شورپىدىن چىققان چىۋىن

بىر بالا ئاشخانىغا كىرىپ شورپا ئىچىپتۇ-دە، تۇيۇقسىز:

— ھەي كۈتكۈچى، بۇ شورپىدىن چىۋىن چىقتى، دەرھال غوجايىنىڭىزنى چاقىرىڭ، — دەپتۇ، غوجايىن كىرگەندىن كېيىن بالا دەپتۇ:

— قاراڭ غوجايىن، بۇ شورپىدىن چە-
ۋىن چىقتى، سىز ماڭا قانچىلىك تۆلەم بې-
رىسىز!؟

— مەن سىزگە قايتا بىر چىنە شورپا
بېرەي.

— بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ماڭا 100
يۈەن پۇل تۆلىسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى داۋ-
راڭ سالمىسام قانداق؟

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— ئەجەبا ئۈلۈشكۈن دادام مۇشۇ
ئاشخانىدا شورپا ئىچكەندە شورپىدىن چە-
ۋىن چىقىپتىكەن، سىز دادامغا بۇ ئىشنى
ھېچكىمگە تىنماسلىق شەرتى بىلەن 100
يۈەن پۇل بېرىپسىزغۇ.

— ئۇنداقتا سىز دادىڭىزنى چاقىرىپ
كېلىڭ، ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويد-
غىنى ئۈچۈن 200 يۈەن تۆلىسۇن، مەن
سىزگە 100 يۈەن بېرەي.

## ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى

مۇئەللىم: تام، ئېيتىپ باقە، «ئۆزىگە
ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىش» دېگەن سۆزنىڭ
مەنىسى نېمە؟

ئوقۇغۇچى: ئۇنىڭ مەنىسى، بىلمەيدى-
غان مەسىلىگە قول كۆتۈرمەسلىك كېرەك،
دېگەندىن ئىبارەت.

## چاقماق ۋە گۈلدۈرماما

ئوقۇتقۇچى: سىلەر دىققەت قىلدىڭلار-
مۇ؟ گۈلدۈرماما دائىم چاقماقتىن كېيىن قا-
لىدۇ.

ئوقۇغۇچى: بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىش،
ئادەملەر كۆزىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئالدىغا
جايلاشقانلىقى ھەممىگە مەلۇم ـ دە!

## پۇتنىڭ رولى

بىر قىز مەكتەپكە مېڭىشتا دائىم ئانى-
سىنىڭ ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويۇشىنى تە-
لەپ قىلىدىكەن.

ئانىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:

— بىزنىڭ ئىككى پۇتىمىزنىڭ رولى
نېمە؟— دەپ سوراپتۇ. قىز جاۋابەن:

— بىرىنىڭ تورمۇزنى دەسسەش بول-
سا، يەنە بىرىنىڭ ماي تەپكىسىنى دەس-
سەش،— دەپتۇ.

## بەسلىشىش

ناسىر: ئىنىڭ قانداقراق؟

جۈرئەت: يارىلىنىپ ياتىدۇ.

ناسىر: ۋاي خۇدايىم! ئۇنىڭغا نېمە
بولدى؟













جۇرئەت: بىز كىم ئۆز بەدىنىنى دېرىزىدىن ئەڭ يىراق چىقىرالايدۇ، دەپ بەسلەشكەنىدۇق، نەتىجىدە ئۇ يەڭدى.



## ئۇقۇم

ئوقۇتقۇچى: تەسەۋۋۇر قىلغىلى، ئەمما تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسە دېگەن ئۇقۇمنى چۈشىنەمسىلەر؟

ئوقۇغۇچى: چۈشىنىمەن، مۇئەللىم، ئوتتا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان زىخنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، ئەمما تۇتقىلى بولمايدۇ.



## پاراخوت يېتىشمەمدۇ؟

ئەسكەرلىككە قاتناشماقچى بولغان بىر ياش بالا سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

— سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانسىز؟

— نېمە، ھەربىي پاراخوتلىرىمىز يېتىشمەيۋاتامدۇ؟

## يېتەكلەش

ئوغلى: دادا، بۇ ماقالىنى نەگە ئەۋەتسەم بولار؟





دادىسى: پۇل كۆپرەك يەرگە.

ئوغلى: خەلق بانكىسىغا ئەۋەتسەم بولامدۇ؟

## مەكتەپكە بارىمەن

ئانىسى: شۆھرەت، سەن مەكتەپكە بېرىشنى خالامسەن؟

شۆھرەت: خالايمەن، چۈنكى مەكتەپكە بارمىسام تەتىل بولمايدۇ-دە.

## داشقال

شاگىرت: سەن داشقال بولۇپ ئايرىلىدىك، داشقالنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

مۇئەللىم: بىلىمەن.

شاگىرت: داشقال دېگەن نېمە؟

مۇئەللىم: ئادەمگە ئېسىلغان ئىتنىڭ ئاغزىغا ئۈرىدىغان نەرسە.

## شېئىرىي تىل

ئوقۇتقۇچى: شېئىرىي تىل دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى: شېئىرلاردىكى مەن چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى شېئىرىي تىل دەپ ئاتايمىز.

## ئۇيقۇ

ئوقۇتقۇچى دەرس ۋاقتىدا بىر ئوقۇ-

غوچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سۆزلەۋاتقان دەرس-
نى توختىتىپلا ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ھازىر سۆزلەپ قەيەرگە كەلدىم؟
ئوقۇغۇچى كۆزلىرىنى بىر ئېچىپ، بىر
يۇمۇپ، ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كې-
يىن:
— مېنىڭ يېنىمغا كەپسىز، — دەپ
جاۋاب بەردى.

## قورقۇش

ئوغلى: دادا، شىردىن قورقامسىز؟
دادىسى: زادى قورقمايمەن.
ئوغلى: يولۋاستىنچۇ؟
دادىسى: قورقمايمەن.
ئوغلى: ئۇنداقتا سىز ئانامدىنلا قور-
قىدىكەنسىز-دە؟

## نېمىشقا ئانامنى تۇتمايسىز

ساقچىنىڭ ئوغلى دادىسىدىن سورىدى:
— دادا، سىز نېمە ئۈچۈن ئەسكى ئا-
دەملەرنى تۇتىسىز؟
— چۈنكى ئۇلار ئوغرىلىق قىلىدۇ.
— قانداق ئوغرىلىق قىلىدۇ؟
— ئۇلار باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى
نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ.
— ئۇنداقتا نېمىشقا ئانامنى تۇتماي-
سىز؟ سىز ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ يانچۇقىڭىز-
نى ئاختۇرىدۇ.



## پۇل تېجەش

بالا: دادا، بۈگۈن ئەللىك تىيىن تېجەپ
قالدىم. چۈنكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرماي ئۇ-
نىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلدىم.
دادىسى: ئەخمەق، تاكسىنىڭ ئارقىسى-
دىن يۈگۈرۈپ كەلگەن بولساڭ بەش يۈەن
تېجەپ قالاتتىڭ.

## ساددا خىيال

ئوقۇتقۇچى: ئەگەر سەن دۆلەت رەئى-
سى بولالىساڭ، قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ
نېمە؟
ئوقۇغۇچى: تاپشۇرۇقنى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇش!

## ئاجايىپ ئادەت

بىر كىچىك بالا ئۆزى بىلەن بىللە ئوي-
نىغان بىر قىز بالىدىن:
— سەن چوڭ بولغاندا مەن بىلەن توي
قىلىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، —







مەن سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بىراق توي قىلىشقا بولمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى ئائىلىمىزدە ئۆز ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەنلا توي قىلىدىغان ئادەت بار، مەسىلەن: دادام ئاپامنى ئالغان، چوڭ ئاپام چوڭ دادامغا تەگكەن، تاغام كىچىك ئاپامنى ئالغان، مانا ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدۇ.

## سۇنىڭ رولى

ئوقۇتقۇچى: ئەگەر سۇ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: دادام ئىششىز قالىدۇ.

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى دادام تۇرۇبا سۈيى شىركىتىدە ئىشلەيدۇ!



## مەكتەپ بويىچە بىرىنچى

دادىسى: ھازىرغا قەدەر سەن مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ باقتىڭمۇ؟

بالىسى: ئەلۋەتتە دادا، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا مەن سىنىپتىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كېتىمەن.

## $2 + 2 = 4$

ئەلى يەسلىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئانىسىغا دەپتۇ:

— بۈگۈن ئوقۇتقۇچىمىز مەندىن «2 + 2 قانچە بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

— توغرا جاۋاب بەردىڭمۇ؟

— مەن تۆت بولىدۇ دېگەنىدىم، ئوقۇتقۇچىمىز ماڭا تۆت تال كەمپۈت مۇكاپات بەردى.

— ئەقىللىقكە باركاللا ئوغلۇم.

— ھەي... مەن سەككىز دېسەم بوپتىكەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سەككىز دانە كەمپۈتكە ئېرىشىدىكەنمەن.

## پىل ۋە سازاڭ

بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى: ئادىل، بارلىق ھايۋانلار ئىچىدە سېنىڭ بىر قەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىڭ قايسى؟

ئادىل: پىلنى ياخشى كۆرىمەن، مۇئەللىم.

ئوقۇتقۇچى: ناھايىتى ياخشى، قېنى، دوسكىغا پىلنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بەرگىن.

ئادىل: مۇئەللىم، ئەگەر مېنى چوقۇم





سىزنى بەرگىن دېسىڭىز مەن سازاڭنى بەك
ياخشى كۆرەتتىم.

## تاشيولچى قىرىغاندا

بالىسى: ئاپا، دادامنىڭ كىيىمى بەك
كونىراپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ كىيىمىنى نېمە
ئۈچۈن يېڭىلاپ قويمايسىز؟
ئاپىسى: سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، تاش-
يولچى قىرىغاندا ياسىنىشنى ياخشى كۆر-
مەيدۇ.

## ئۈچ كىچىك بالا

ئۈچ كىچىك بالا قورۇسدا ئويناۋېتىپ
ئۆز دادىلىرى بىلەن ماختاندى:
— مېنىڭ دادام تونۇگۈن ماڭا يېڭى
كىيىم ئېلىپ بەردىغۇ تازا،— دېدى بىرىن-
چىسى.
— مېنىڭ دادام تونۇگۈن ماڭا يېڭى
ئاياغ ئېلىپ بەردىغۇ تازا،— دېدى ئىك-
كىنچىسى.
ئۈچىنچى بالا بىردەم جىم تۇرۇپ قې-
لىپ، كېيىن دېدى:
— تونۇگۈن مېنىڭ دادام شىزاڭغا چى-
قىپ كەتتى تازا!

## 100 نى يېزىشنى بىلمەيدىكەن

بالىسى مەكتەپكە كىرىپ بىرقانچە ئاي-
دىن كېيىن، دادىسى بالىسىنىڭ تاپشۇرۇق
دەپتىرىنى كۆرۈپ:
— سەن بىرەر قېتىممۇ 100 نومۇر
ئالالماپسەن،— دەپتۇ.
— بىزنىڭ خانىم 100 نى يېزىشنى
بىلمەيدىكەن، بۇ قېتىممۇ بىر 0 نى چۈشۈ-
رۈپ قويۇپتۇ،— دەپتۇ بالىسى.

## ئاسفالت بولغاندا چىقمەن

بالىسى: دادا، بىر دېمەتلىكلىرىڭىزنىڭ
ھەممىسى پېنسىيەگە چىقىپ بولدى، سىز نې-
مىشقا چىقمايسىز؟
دادىسى: شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى
ئاسفالت بولۇپ بولغاندا چىقمەن.

## داداڭ دېگەن رېمونتچى

بالىسى: ئاپا، بىز داۋاملىق شوپۇرلار-
نىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدىكەنمىز، لېكىن
بىز ئۇلارنى مېھمان قىلمايدىكەنمىز، بۇ
نېمە گەپ؟
ئانىسى: داداڭ رېمونتچى تۇرسا!





## «ئايروپىلان بىلەن ماڭسا بولمامدۇ»

— دادا، تاغقا چىقىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— يول ياسايمەن.

— ھەر يىلى تاغقا چىقىپ يول ياساپ ئاۋارە بولغىچە چىقمايلا قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئۇنداقتا، زاڭزۇ قېرىنداشلار، ھەربىيلەر نەدىن ماڭىدۇ؟

— ئايروپىلان بىلەن ماڭسا بولمامدۇ.

## گېزىتكە چىقىش

— دادا، قوشنىمىزنىڭ ئوغلى ھۇسەنجان گېزىتكە چىقىپتۇ.

— گېزىتكە چىقسا نېمە بوپتۇ، سەنمۇ ئۈچ ياش چېغىڭدىلا گېزىتكە چىققانغۇ.

— قانداق قىلىپ؟

— يوقاپ كېتىپ.

## چۈشەش

بالىسى: دادا، مەن ئاخشام، ئۇچار كېمىگە ئولتۇرۇپ ئايغا چىقىپ چۈشەپ قاپتىمەن.

دادىسى: ھەي ئەخمەق، ئايغا چىققان ئادەم نېمىشقا يۇلتۇزلارغىمۇ چىقىپ باقمىدىڭ؟

## ئاجرىشىش

— ئانا، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا مېنىڭ دادام بىلەن ئاجرىشىپ، كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇپ چۈكامۇز ساتىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىسىز؟

## ماھارەت

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىت دائىم بىزگە گېزىت ئەكېلىپ بېرىدۇ.

— بۇ قانچىلىك ئىشتى، نۇرغۇن ئىتلار شۇنداق قىلىدۇ-دە.

— ئەمما بىز ھېچقانداق گېزىتكە مۇشتەرى بولۇپ باققان ئەمەس.

## ھېسسىيات

ئابدۇللا: ئەگەر يېنىڭدا ئىككى يۈەن پۇل بولسا، داداڭ يەنە تۆت يۈەن پۇل بەرسە، جەمئىي نەچچىلىك پۇلۇڭ بولغان بولىدۇ؟

شامىل: ئىككى يۈەن.

ئابدۇللا: سەن مۇشۇنچىلىك نەرسىنىمۇ
ھېسابلاشنى بىلمەيدىكەنسەنغۇ؟
شامىل: سەنمۇ دادامنى بىلمەيدىكەن-
سەن.

## ئالدىراپ كېتىش

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى «ئەگەر مەن
مەكتەپ مۇدىرى بولسام» دېگەن تېمىدا
ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار
ماقالە يېزىشقا باشلىدى. بىراق لەيلى دې-
رىزىدىن سىرتقا قاراپ جىمجىت ئولتۇردى.
— سەن نېمىشقا يازمايسەن؟ — سورى-
دى مۇئەللىم.
— كاتىپىمغا ساقلاۋاتىمەن، — جاۋاب
بەردى لەيلى.

## شاكىچىكنىڭ رەھمىتى

بىر ياش ئايال كوچىدا بالىسىنى ھار-
ۋىغا سېلىپ ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانىكەن. بىر
خەلق ساقچىسى بالىغا بىر كەمپۈت تۇتقۇ-
زۇپ قويۇپتۇ.
— ئوغلۇم، — دەپتۇ ياش ئانا، —
مۇشۇ ۋاقىتتا سەن ساقچى ئاكاڭغا نېمە دې-
يىشىڭ كېرەك؟
بالا ساقچىغا بىر پەس تىكىلىپ تۇرۇپ
قاپتۇ-دە:
— ئەلۋەتتە، كەمپۈتتىن يەنە بىرنى
بېرىڭ، دېيىشىم كېرەك، — دەپتۇ.



## ئۆمۈر

بالىسى: دادا، مەن يەنە قانچىلىك ۋا-
قىتتىن كېيىن نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى
قىلالايدىغان ياشقا بارىمەن؟
دادىسى: مەن ئۇقمايمەن، چۈنكى تاكى
ھازىرغا قەدەر ھېچكىم ئۇنداق ياشقىچە
ياشاپ باققان ئەمەس.

## رېزىنكە ئۆتۈك

جۇغراپىيە دەرسىدە مۇئەللىم بىر قىز
ئوقۇغۇچىدىن:
— ئىتالىيەنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن
سىز نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— رېزىنكە ئۆتۈكنى، — جاۋاب بەردى
قىز.
— نېمە ئۈچۈن رېزىنكە ئۆتۈكنى
ئويلاپ قالدىڭىز؟ — قايتىلاپ سورىدى
مۇئەللىم.
— چۈنكى ئۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي
سۇ ئىكەن.

## ئىگىسىنى دورىغان مال

مومىسى: سەن پەقەتلا داداڭنى دورى-





يالمدىڭ.

نەۋرىسى: دادام قانداقتى؟

مومىسى: سەن ئويناشنىلا بىلىسەن، داداڭ شۇنداق بېرىلىپ ئۆگەنگەنكى، بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن بىرىنچى يىللىقتا ئۈچ يىل ئوقۇغان.

## دىئالوگلار



ئاتا: ئوغلۇم، تاغاڭغا خەت يېزىپ ئەھۋال سوراپ قويساق بولاتتى.

ئوغلى: ماقۇل دادا، بىراق ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلمەيمەن.

ئاتا: ھەي، سەن تازىمۇ دۆت جۇمۇ بالام، بىر پارچە خەت يېزىپ سوراپ بىلىۋالساڭلا بولىدىغۇ.

## ئاسان بېيىش



دادىسى: بالام، سەن نەدە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىسەن؟

بالىسى: ئەلۋەتتە جۇڭگودا.

دادىسى: نېمە ئۈچۈن؟

بالىسى: جۇڭگودا ئاسان بېيىغىلى بولىدۇ.





دادىسى: سەن بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

بالىسى: مەن جۇڭگو بالىلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم، ئۇ يەردىكى بالىلار دائىم پۇل قاپچۇقى تېپىۋالىدىكەن.

## رۇخسەت سوراش

ئانىسى: كەچتە تېلېۋىزور كۆرمىگىن، ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىسەن.

بالىسى: سەنمۇ كۆرمىگىن، ئەتە سەنمۇ ئىشقا بارىسەن.

ئانىسى: مەن ئەتىگەنلىككە قوپالمىسام ئاغرىق دەپ رۇخسەت سورايمەن.

بالىسى: ئەتىگەنلىككە قوپالمىسام مەنمۇ رۇخسەت سورايمەن.

ئانىسى: سەن نېمە دەپ رۇخسەت سورايسەن؟

بالىسى: سىزنى ئاغرىپ يېتىپ قالدى دەپ.

## ھېسابات

ئانىسى باشلانغۇچتا ئوقۇۋېتىدىغان بالىسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن:

— مەن ساڭا سەككىز ئالما بەرسەم، ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىدىن بىرنى ئۇكاڭغا بەرسەڭ، ئۇ چاغدا ئۇكاڭغا قانچىنى بەرگەن بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالىسى:

— بىرنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئانىسى:
— قانداقسىگە بىر بولدۇ؟ سەن ھې-
سابنى ئۆگەنگەنغۇ؟
بالىسى:
— مەنغۇ ئۆگەنگەن، بىراق ئۇكام
ئۆگەنمىگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تاپشۇرۇق

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر مەيدان
پۇتبول مۇسابىقىسى توغرىسىدا بىر ماقالە
يېزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ.
بىر ئوقۇغۇچى يېرىم كۈن ئويلىنىپ
ھېچنېمە يازالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاپ-
شۇرۇق دەپتىرىگە «بۈگۈن يامغۇر ياغدى،
يەر تېيىلغاق، شۇڭا مۇسابىقە كېچىكتۈرۈل-
دى» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويۇپتۇ.

## باشقا ئامال يوق

— مۇئەللىم، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا
ماڭا ئاران نۆل بېرىپسىزغۇ، بۇ تازا ئادىل
بولمىدىغۇ دەيمەن.
— مەن شۇنداق ئويلايمەن، ماڭىمۇ
باشقا ئامال يوق، ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن نو-
مۇر تاپالمىدىم.

## تېلېۋىزور كۆرۈش

بالىسى: ئاتا، مەن تېلېۋىزور كۆرد-
مەن.



ئاتىسى: بولمايدۇ، بۈگۈن توك توختاپ
كەتتى، كۆرگىلى بولمايدۇ.
بالىسى: شام يېقىپ كۆرسەم بولمامدۇ؟

## باشلىنىش

— دادا، — سورىدى قىزچاق دادىسى-
دىن، — بارلىق رىۋايەتلەر، بۇرۇننىڭ بۇ-
رۇنىسىدا دەپلا باشلىنامدۇ؟
— ھەممىسى ئۇنداق ئەمەس، — دېدى
دادىسى، — ئەگەر مەن زۇڭتۇڭلۇقتا
سايلانسام، مەندىن باشلىنىدۇ.

## ماختىنىش

— ئانا، مەن قىلالايدىغان ئىشنى سەن
ھەرگىز قىلالمايسەن.
— قايسى ئىشنى؟
— يوغىناشنى.





## تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش



— ئانا، مەن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر چۈگۈن سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن.

— ئەمما مېنىڭ بىر چۈگۈنۈم بار-دە.

— سىزنىڭ چۈگۈنىڭىز يوق، ئىشقىلىپ مەن بىر چۈگۈننى يانجىپ تاشلىۋەتتىم.

## سۇ پومپىسى



مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا سۇ پومپىسىنىڭ رولى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ سورىدى:

— قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر ئائىلەڭلاردىكى سۇ تۇرۇبىسى نورمال، جۈمەكتىمۇ مەسىلە يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق جۈمەكنى ئاچسىمۇ سۇ چۈشمىسە، بۇنىڭ سەۋەبى زادى قەيەردە؟



— ئېھتىمال بۇنىڭ سەۋەبى سۇ پۇلى تۆلىمىگەنلىكىدە بولسا كېرەك، — دەرھال جاۋاب بەردى بىر ئوقۇغۇچى.

## قىسقا يوپكا

بىر بالا ماگىزىندا ئانىسىنى ئىزدەپ يىغلىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن بىر پىرىكازچىك بالىدىن سورىدى:

— سەن نېمىشقا ئاناڭنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇۋالمىغانتىڭ؟

— ئانام بەك قىسقا يوپكا كىيگەنلىكى ئۈچۈن قولۇم پېشگە يەتمىگەندى، — دېدى بالا يىغلاپ تۇرۇپ.

## «ئاناڭدىن سورا»

بالىسى: دادا، ئالپىس تاغلىرى قەيەردە؟

دادىسى: ئاناڭدىن سورا، چۈنكى ئاناڭ ھەممە نەرسىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ.

## يىلاننىڭ ئەنسىرىشى

— بىزدىمۇ زەھەر بولامدۇ؟ — سورىدى يىلان بالىسى ئانىسىدىن.

— بولىدۇ، قوزام، — دېدى ئانىسى، — بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— چۈنكى مەن ھازىرلا تىلىمنى چېقىۋالدىم.

## نەسىھەت

كامالجان بالىسىنىڭ يالغانچىلىقىنى بايقاپ قېلىپ ۋارقىراپ نەسىھەت قىلغىلى



تۇردى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن! بۇنىڭدىن كېيىن يالغانچىلىق قىلىشىڭىزغا رۇخسەت يوق!

شۇ پەيتتە، سىرتتىن ئىدارىسىدىكى بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كامال-جان دەرھال كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالدى-دە، بالىسىغا دېدى.

— تېز بول، چىقىپ مۇدىرغا دادام كېسەل بولۇپ قالدى دېگىن...

## «مەنلا جاۋاب بېرەلىدىم»

بالىسى: ئانا، بۈگۈن مۇئەللىم سورىغان سوئالغا سىنىپ بويىچە يالغۇز مەنلا جاۋاب بېرەلىدىم.

ئانىسى: مۇئەللىم نېمىنى سورىغانىدى؟

بالىسى: مۇئەللىم دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى كىم چاقتى، دەپ سورىغانىدى. ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى، پەقەت مەنلا: «مەن چاقتىم» دەپ جاۋاب بېرەلىدىم.

## ھاجىتى يوق

ئانىسى: بالام، بىرىپ تەنتەربىيە ئاي-غىڭنى يۇيۇۋەتكىن.

بالىسى: ئانا، ئايغىمنى بۈگۈن يۇسام ئەتە بەربىر پاسكىنا بولىدۇ. بولدىلا، يۇ-ماي.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتتى، بالا ئا-نىسىغا دېدى:

— ئانا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.



ئانىسى:

— مېنىڭچە، تاماق يېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۈگۈن تاماق يېسەڭ، ئەتە بەربىر يەنە قورسىقىڭ ئاچىدۇ. بولدىلا، يېمىگىن.

## ئاتا ۋە بالا

ئاتىسى: بالام، ئەگەر سەن ئالىي مەك-تەپكە كىرەلمىسەڭ، سەندەك بالىنى مەن تونۇمايمەن.

بالىسى: دادا، ئەگەر مەن ئالىي مەك-تەپكە كىرىۋالسام سەندەك دادىنى مەنمۇ تونۇمايمەن.



## بىلىۋېلىش

— دادا، مەن بېلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

— قېنى ئېيتە، نېمە ئۈچۈن؟

— سىز بېشىڭىزنى سۇغا تىقىپ تۇرۇپ بىر گەپ قىلىپ بېقىڭا، مەن كۆرۈپ باقاي.







## هايۋانات باغچىسىدا

ئىككى بالا هايۋانات باغچىسىدا پاراڭ-
لىشىپ قالدى:

— نېمە ئۈچۈن زىراپىنىڭ بوينى
شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؟— دېدى بىر بالا.

— چۈنكى زىراپىنىڭ بېشى بەدىنىدىن
بەك يىراق بولغاچقا، بوينى ئۇزۇنراق بول-
مىسا بولمايدۇ-دە،— دېدى يەنە بىر بالا.

## ئېلىش-بېرىش

— دادا، كۈنلۈكىڭىزنى ئالسام بولامدۇ؟
— ئالسام، ئالساملا دەيدىكەنسەن،
سىلەر باللار «ئېلىش» سۆزىنىلا ياخشى
كۆرۈپ «بېرىش» سۆزىدىن قورقامسىلەر؟
— راست دېدىڭىز دادا، كۈنلۈكىڭىزنى
بېرىپ تۇرامسىز؟

## كەلگۈسىدە نېمە قىلىسەن

ئاپىسى: سەن يېيىشتىن باشقىنى ئۇق-
مايسەن، كەلگۈسىدە نېمىمۇ قىلارسەن؟
بالىسى: ئاشپەز بولىمەن.

## دادام بەك ئىقتىسادچان

بالىسى: دادا، زاۋۇتتىكىلەر سىنى بەك
ئىسراپخور دەيدىكەنغۇ؟
دادىسى: شۇنداقمۇ؟ سېنىڭچە داداڭ
ئىسراپخورمۇ؟
بالىسى: ياق، سەن بەك ئىقتىسادچان.
دادىسى: نېمىشقا؟
بالىسى: بىز كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقساق
سەن ئەزەلدىن بىلەت ئالمايسەن.

## بۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن تۈگىتىش

دادىسى: بۈگۈن تۈگىتەلەيدىغان ئىشنى
ئەتىگە ئۇزارتماسلىق كېرەك.
بالىسى: ئۇنداقتا بايا ئېشىپ قالغان
گۆشنى ماڭا بەرگىن.

## مەقسىتى باشقا

ئاپىسى: بالام، سەن ھەقىقەتەن ياخشى
بالا بوپسەن، داداڭنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى
كۆرۈپلا ۋاراڭ - چۇرۇڭنى توختاتتىڭ.
بالىسى: نەدىكىنى، مەن دادامنىڭ قو-
لىدىكى تاماكا قاچان كىرلىكنى كۆيدۈرۈ-
ۋېتىپ قالار دەپ قاراپ تۇردۇم.











## پوچتىكەشلىك قىلىش

بىر بالا ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەندە ئانىسى كەچلىك تاماق ئېتىۋاتاتتى.

— قوزام،— دېدى ئانىسى،— بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— پوچتىكەشلىك قىلدىم.

— سەندە پوسۇلكا بولمىسا قانداق پوچتاليونلۇق قىلدىڭ؟

— مەن بىر كونا قازناقتىن بىر باغلام خەت-چەك تېپىۋالغانىدىم، ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ھەرقايسى دوقمۇشلاردىكى خەت ساندۇقلىرىغا بىر نۇسخىدىن سېلىۋەتتىم.

## تەرلەش

مۇئەللىم: ئادەمدىن قانداق ۋاقىتتا تەر چىقىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: سىز سوئال سورىغاندا، مۇئەللىم.

## سىڭلىسىنى ئالداش

— سىڭلىم، بىز ئۆتكەندە ھايۋانات باغچىسىغا بارغان چاغدىكىدەك ئوينىساق قانداق؟— دېدى ئاكىسى.

— ئاكا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، قانداق ئوينايمىز؟— سورىدى سىڭلىسى.

— مەن ئېيىق بولاي، سەن تاماشىبىن بول، شۇنىڭ بىلەن سەن ماڭا گازىر، شاكىلات، تورت ئەكېلىپ بەرگىن، مەن يەي.

## جازا

— مەن سېنى نېمە ئۈچۈن جازالىماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن بالام؟

— بىلمەيمەن دادا، زادى نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ؟

— چۈنكى سەن ئۆزۈڭدىن كىچىك بىر بالىنى ئۇرۇپسەن.

— ئۇنداقتا، سىز مەندىن چوڭ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مېنى ئۇرماقچى بولىسىز؟

## چۈشنى پالاكەت بېسىش

— بالام، ماروژنىغا چۈشۈن چۈشۈپ كەتتى، سەن ئۇنى دەرھال ئېلىۋەتكىن.

— ئانا،— دېدى ئوغلى پەرۋاسىزلا،— بىر ھېسابتا چۈشنى پالاكەت باستى. ئۇنى ئېلىۋەتمىسەممۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزى توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ.





— ئۇلار قايسى، دادا؟

— راستچىللىق ۋە چېچەنلىك.

— راستچىللىق دېگەن نېمە؟

— مەيلى سەن ئۇچۇن پايدىسىز قانداق ئىش يۈز بەرسۇن ئۆز لەۋزىدە تۇرۇش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك.

— چېچەنلىك دېگەنچۇ؟

— لەۋزىدە تۇرماسلىق دېگەنلىك.

## پۇل تېپىۋېلىش

بىر بالا قولىدا بەش يۈەننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە:

— ئانا، بۇنى تېپىۋالدىم،— دېدى خۇشال بولۇپ.

— راست تېپىۋالدىڭمۇ؟— سورىدى ئانىسى.

— ئەلۋەتتە راست تېپىۋالدىم. چۈنكى مەن ئۇ ئادەمنىڭ بەش يۈەن پۇلۇم يوقاپ كەتتى دەپ ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

## كۆزئەينەك

بىر بوۋاي نەۋرىسىنى ئېلىپ بىر رېستورانغا باردى. كۈتكۈچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماق تىزىملىكى دەپتىرىنى قويۇپ قويدى. بوۋاي يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆزئەينىكىنى زادىلا تاپالمىدى.

— كۆزئەينىكىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى مەن بىلمەن،— دېدى نەۋرىسى.





## دورىنى ئارىلاشتۇرۇش

— قوزام، نېمە ئۇنداق كارىۋات ئۈستىدە بېشىڭنى چايقاپ، ئېغناپ يۈرۈيسەن؟— دېدى ئانىسى ئالتە ياشلىق ئوغلىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا قاراپ.

— ئانا،— دېدى بالىسى جاۋاب بېرىپ،— مەن ھازىرلا دورا يېگەنىدىم، تۇيۇقسىز دوختۇرنىڭ: «دورا يېيىشتىن بۇرۇن دورىنى ئوبدانراق ئارىلاشتۇرۇپ يېگىن» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى.



## سودا قىلغاندا

— ئوغلۇم،— دېدى بىر باي سودىگەر ئوغلىغا قاراپ،— سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىككى ئاچقۇچلۇق نەرسە بار.





— قېنى ئېيتە، نەدە؟ — دېدى بوۋىسى.

— بايا سىز باغچىدا مېنى كۆتۈرگەندە يانچۇقىڭىزدىن چۈشۈپ قالغان.

— نېمىشقا سەن شۇ جايدا دەپ قويمىدىڭ؟ — ئاچچىقلاندى بوۋىسى.

— سىز ئۇ كۆزئەينەكنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، مەن تېخى سىزنى ئۇ كۆزئەينەكنى ئەمدى لازىم قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. دەپتىمەن، — دېدى نەۋرىسى پەرۋاسىزلا.

## ئالماشقان ئاتا-بالا

بىر كىشى كونا بىر ئۆلپەتدىشىنى يوقلاپ كەلسە، ئۆلپەتدىشى يوق. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك (بۇرۇن بۇ باللار ئاتىسى ئولتۇرغان سورۇندىكى بىكار بولغان بوتۇلكىلارنى سېتىپ خەجلەيدىكەندۇق). هېلىقى ئادەم باللاردىن:

— داداڭلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. هېلىقى باللار شىركەيىپ هالدا:

— دادام بىلەن ئانام بوتۇلكا ساتقىلى كەتتى، — دېگۈدەك.

## خەجلەيمەن

ئاپىسى: بالام، ئەگەر 100 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى تېپىۋالساڭ دەرھال يانچۇقۇڭغا سالامسەن؟

بالىسى: ئۇنداق قىلمايمەن.

ئاپىسى: ئەقىللىك قوزام، ئۇنداقتا ئۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسەن؟

بالىسى: خەجلىۋېتىمەن.

## ئۇخلىغاندا چالىمەن

بالىسى: دادا، كىچىك داپتىن بىرنى ئېلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

دادىسى: دەم ئېلىشىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويارسەنمىكىن.

بالىسى: سىز ئۇخلىغاندا ئاندىن چېلىپ ئوينايمەن.

## ئۇنداقتا

دادىسى: ئوغلۇم، چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلماقچى؟

ئوغلى: ھەربىي بولىمەن.

دادىسى: ھەربىي بولساڭ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ.

ئوغلى: ئۇنداقتا، دۈشمەن بولاي.







## تاپشۇرۇق

مۇھەممەت ئابدۇللانىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— تېز چىقە، بىللە ئوينايمىز.

— بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— دادامغا قاراپ تۇرمىسام، ئۇ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولمايدۇ.



## نەتىجە

دادىسى: ئالدىنقى قېتىمدا ئون نومۇر ئالغىنىڭدا، ئۇننى ئۇرغىنىمنى ئېسىڭدىمۇ؟

ئوغلى: ئېسىمدە.

دادىسى: بۇ قېتىم قانچە ئالدىڭ؟

ئوغلى: بۇ قېتىم ئۇرالمايسەن.

دادىسى: نېمىشقا؟

ئوغلى: مۇئەللىم ماڭا نۆل نومۇر قويۇپتۇ.





## ياخشى ئەمەس

ھەمدۇل مەكتەپكە تىزىملاتقىلى بېرىپتۇ، ئوقۇتقۇچى بىر بوش جەدۋەلنى ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ھەمدۇل.

— ئائىلە باشلىقىڭنىڭ ئىسمى؟

— غاپپار.

— سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؟

— دېگەندەك ياخشى ئەمەس، مېنى داۋاملىق ئۇرىدۇ.

## ئاقىۋەت

ئىشخانىدا دەرس پىلانى تۈزۈپ ئولتۇرغان ئىككى ئوقۇتقۇچى ئۆزلىرى دەرس بېرىدىغان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— تۈنۈگۈن ئىككى ئوقۇغۇچۇم يۈزىنى يۇماي كەپتىكەن، دەرسكە قاتناشتۇرمىدىم.

— بۈگۈن يۇيۇپ كەلگەندۇ-ھە!

— نەدىكىنى، پۈتۈن سىنىپ بالىلىرى يۈزىنى يۇماي كەپتۇ.

## چاتاق بوپتۇ

A: ئىمتىھاننى قانداقراق بەردىڭ؟

B: قەغەزنى ئاق تاپشۇرۇۋەتتىم، سەنچۇ؟

A: مەنمۇ شۇ.

B: چاتاق بولدى.

A: قانداق دەيسەن؟



B: باشقىلار ئەمدى بىزنى بىر-بىرىڭلاردىن كۆچۈرۈپسىلەر دەيدىغان بولدى.

## تۆپ سەۋەب

ئاپىسى: قوشنىمىزنىڭ ئوغلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ. 5-قەۋەتتىكى قوشنىمىزنىڭ قىزى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ.

دادىسى: ياخشى باللار نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىدىغاندۇ؟

ئوغلى: ياخشى دادىلارمۇ شۇ ئۆيلەردە-دە!

## ھەل قىلىش ئۇسۇلى

سىنىپ مەسئۇلى: يېقىندىن بۇيان نۇرغۇن ئائىلە باشلىقلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىسىنىڭ بەكلا ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىشىۋاتىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى: راست ئېيتىدۇ. دېمىسىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئېغىر سومكىسىنى يۈدۈشۈپ ئۇزاق يولنى بېسىپ مەكتەپكە كېلىدۇ. باللارنىڭ ھەرىكەت مىقدارى ھەقىقەتەن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.

سىنىپ مەسئۇلى: قانداق ھەل قىلساق بولار؟

مەكتەپ مۇدىرى: كېلەر مەۋسۇمدا تەنتەربىيە دەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسەك بولغۇدەك.

## ئەنسىرەش

ئا: قارا، باشقىلار نېمىدېگەن يارامىلىق، ناۋادا سەنمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولساڭ، ئۆيىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ ئوقۇتۇشقا رازى ئىدىم.

ب: ئۆيىنى سېتىۋېتىشىڭدىن ئەنسىرەپ قەستەن ئۆتمىدىم.

## قانداق كەلگەن

رەشىد ئۆيگە ماروژنا يەپ كىرىپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قايسى پۇلغا ئالدىڭ؟

— پۇلغا ئالمىدىم.

— ئەمىسە ئوغرىلىدىڭمۇ؟

— ياق ئوغرىلىمىدىم. مەن پەقەت مال ساتقۇچىغا شاكىلات تەملىك، بولجۇرگەن





تەملىك ماروژنىدىن ئالىمەن، دېدىم. ئانىدىن ئۇنىڭغا يەنە پۇلنى يانچۇقۇمدىن ئېلىۋېلىك، بىراق كىچىك يىلاننى چۈچۈتۈۋەتمەڭ، دېدىم.

## چوڭ بولغاندا

ئايۇپ ئوغلىنى ئىشقا بۇيرۇپ:

— كىيىم يۇيۇش دۇكىنىدىن كاستۇمۇمنى ئەكېلىپ بەرگىن، ئەگەر دۇكان غوجايىنى پۇل دەپ سوراپ قالسا، «دادام، كىچىك بالا پۇلنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ، دەپ بەرمىدى» دېگىن، — دەپتۇ.



ئوغلى هايال ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ، هېنرىغا:

— دۇكان غوجايىنى داداڭنىڭ كىيىمىنى چوڭ بولغاندا ئالغىلى كەل، دەپ بەرمىدى، — دەپتۇ.



## تەييارلىق

تاهىر: يۇسۇپ، ئاكاڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟





يۇسۇپ: ئۇ كۇنبويى چېنىقىش زالىدا چېنىقىۋاتىدۇ.

تاهىر: نېمىشقا؟

يۇسۇپ: بولغۇسى قېيىنئانىسى بوكسيورچى ئىكەن.

## بولسىمۇ، بولمىسىمۇ...

دادىسى: قىزىم، مۇزاكىرە ۋاقتىدا، سىنىپتا نەچچەيلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بارىسىلەر؟

قىزى: مۇئەللىم بىلەن 36 ئادەم، مۇئەللىم بولمىسا 35 ئادەم، ئەگەر مۇئەللىم بولمىغان بولسا، هېچكىممۇ بولمىغان بولاتتى.

## سوئال ـ جاۋاب

بىر مۇخبىر مەلۇم ئۆلكىنىڭ نامرات تاغلىق رايونىغا خىزمەتكە بارغىنىدا، تاغ ئۈستىدە ئوقۇش يېشىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ياشقا.

— مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟

— ياق!

— نېمىشقا؟

— مال باقىمەن.

— نېمىشقا مەكتەپكە بارماي، مال باقىسەن؟

— ئۆي سېلىش ئۈچۈن!

— ئۆي سېلىپ نېمە قىلىسەن؟
— خوتۇن ئالىمەن.
— خوتۇن ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟
— پەرزەنت كۆرىمەن!
— پەرزەنت كۆرۈپ نېمە قىلىسەن؟
— مال باقتۇرىمەن.

## ساناق ساناش

— ۋاي-ۋۇي بالام، قولۇڭ نېمە بولدى؟

— مەن ئىتنىڭ چىشىنى ساناپ باقاي دېگەن...

— ئىت قولۇڭنى چىشلىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنى ساناپ باقاي دېگەن چېغى.

## خۇداغا شۈكۈر

ئەنۋەرنىڭ دادىسى ئوۋ ئوۋلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يەنە قۇرۇق كەپتۇ. ئەنۋەر بولسا:

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دادىسى ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇئەللىم بىزگە: «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوۋچىلىق بىلەن جان باقاتتى» دېگەن، بىز شۇ دەۋرلەردە ياشىغان بولساق، ئاچ قالار ئىكەنمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەنۋەر.



## ئەستە تۇتالماسلىق

بالىسى: دادا، سېنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭ راستلا بەك تۆۋەنمۇ؟

دادىسى: نېمىشقا بۇنداق سورايسەن؟

بالىسى: مومام سېنى ھەر دائىم ساڭا «توي قىلىۋېلىپ مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ» دەيدۇ. شۇڭا دەيمىنا...

## سەمرىش

ئوقۇتقۇچى ئېغىر ئاياغ بولغاچقا، قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغان بولسىمۇ، باغچىدىكى باللار سەزمىگەندەك قىلاتتى. بىر كۈنى چىش ئاسراش مۇتەخەسسىسى باغچىغا كېلىپ، چىشنى ئاسراش توغرىسىدا



لېكسىيە سۆزلەپ «تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېگەندە، چىشنى قۇرت يەپلا قالماستىن، ئاسانلا سەمرىپ كېتىدىغانلىقى»نى ئېيتىپتۇ. ئەنۋەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قورسىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ھە، ئەمدى بىلدىم، سەمرىپ كېتىشىڭىز بىكار ئەمەسكەن-دە،— دەپتۇ.



## مەن يىغلىمىدىم

نادىر يەتتە ياشقا كىرىپ قالغاچقا، ئاپىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. بىرىنچى كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىدە، ئاپىسى ئۇنىڭ مەكتەپتە يىغلىغان ياكى يىغلىمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ:

— نادىر، بالام مەكتەپ ياخشىمىكەن، يىغلىمىغانسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— يىغلىمىدىم، ئەكسىچە دەرس ۋاقتىدا كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇپ ئوقۇت-



قۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كۈلدۈرۈۋەتتىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نادىر.

## پويىزدا

پويىزدىن چۈشۈشتىن بۇرۇن بىر ئايال بالىسىغا:

— بالام، ئەگەر پويىز خادىملىرى بېلەت تەكشۈرۈپ كېلىپ، نەچچە ياشقا كىردىڭ دېسە، بەش ياشقا كىردىم دېگىن،— دېدى تاپىلاپ.

بېلەت تەكشۈرگۈچى خادىملار كېلىپ بالىدىن سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— بەش ياشقا.

— بويۇڭ شۇنچە چوڭ تۇرۇپ ئاران بەش ياشقا كىردىڭمۇ؟

— پويىزدىن چۈشسەملا يەتتە ياشقا كىرىمەن،— دېدى بالا راست گەپ قىلىپ.

## ئىشەنمەسلىك

ئوسمان مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە دادىسى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بالام، يېڭى مۇئەللىمىڭ قانداقراق كەن؟

— بولىدىغاندەك قىلىدۇ،— دېدى ئوسمان،— بىراق مەن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىدىم، ئۇ دەسلەپ ئۈچكە ئۈچنى قوشسا ئالتە بولىدۇ، دېدى، كېيىن ئىككىگە تۆتنى قوشسا ئالتە بولىدۇ دەۋاتىدۇ.






## ئەركە بالا

ناھايىتى ئەركە ئۆسكەن بىر بالا تۇنجى قېتىم مەكتەپكە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بالام، مەكتەپ قانداقراقكەن؟ يىغلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— يىغلىمىدىم، — دېدى بالا، — بىراق مۇئەللىم يىغلىدى.



## ناخشا

بىر ئادەم ئۆزىنى ناخشىچى دەپ يۈرۈدىكەن، لېكىن ناخشىنى ياخشى ئېيتالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى دائىم ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلىرىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلاتماقچى بوپتۇ. بىرىنچى ئاخشىمى دادىسى ناخشا ئېيتىپ ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى بالىلىرى مۇنداق مەسلىھەتكە كەپتۇ:

— دادىمىز ناخشا ئېيتقان ھامان دەرھال يالغاندىن ئۇخلىۋالايلى، شۇنداق قىلساق دادىمىز ناخشىسىنى دەرھال توختىتىدۇ.

## چوڭ بولغاندا قانداق قىلىسەن؟

دادىسى: ئەنۋەر، سەن ھەمىشە ماقالەڭنى ئاناڭغا يازدۇرىسەن، چوڭ بولغاندا قانداق قىلىسەن؟

ئەنۋەر: خاتىرجەم بولۇڭ دادا، چوڭ بولغاندا خۇددى سىزگە ئوخشاش كاتىپقا يازدۇرىمەن.

## ئوبرازلىق ئوخشىتىش

— دادا، مىلتىق بىلەن پىلموتنىڭ نېمە پەرقى بار؟

— بالام، بۇ خۇددى داداڭ بىر ئېغىز گەپ قىلسا، ئاناڭ توختىماي جاۋىلداپ كەتكەنگە ئوخشاش.

## قورسىقى توق

ماتېماتىكا مۇئەللىمى نەسرىدىن ئەپەندىدىن سوئال سوراپتۇ:

— ئۆزىڭىزدىكى ئۈچ توقاچقا قوشنىڭىزدىن ئۆتنە ئالغان بەش توقاچنى قوشقاندا جەمئىي نەچچە بولىدۇ؟

— قوشنامنىڭ كۆڭلى ئارانلا، بىردە توق، بىردە ئاچ يۈرىدۇ. ئۇلاردىن سورىماي، قورسىقى توقراق بايلاردىن سورىسام بولمامدۇ مۇئەللىم؟



## ئاخىرقى چىش

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:
— ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چىشى قايسى؟
— سالدۇرغان يالغان چىشى.

## ئەمەلىي بالا

فەرىدۇن مۇئەللىمگە مۇنداق دەپتۇ:
— دادام ماڭا ئەگەر ھېسابتىن ئەلا نەتىجە ئالساڭ، سېنى ئون سوم بىلەن مۇكاپاتلايمەن، دېدى.
— قاچانمۇ شۇنداق نەتىجىنى ئالالارسەن؟
— ئىككىمىز بۇ ئون سومنى تەڭ بۆلۈشسەكقۇ بولار.

## بىلىمەن

ھېساب مۇئەللىمى بىر ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:
— ئەگەر بىر قىز بىر كۈندە بىر كۆڭلەكنى تىكىپ پۈتكۈزسە، ئىككى قىز ئىككى كۈندە قانچە كۆڭلەكنى پۈتكۈزەلەيدۇ؟
— بىلىمەن.
— دەرسنى ياخشى ئۆگەنمىگەچكە، ئادەتتىكى قوشۇشنىمۇ بىلمەيۋاتىسەن.
— ھېسابلاشنى بىلىپلا قالماي، ئىككى قىز بىر يەرگە كەلسە، تۈگمەس پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

## ئىككى لاپچى

ئىككى دوست لاپ ئۇرۇشتا بەسلىشىپ قاپتۇ.
A: بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر ئادەم بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ دېرىزىسىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئىككىنچى قەۋەتكە كەلگەندە تۇيۇقسىز خوتۇنى ۋە بالا - چاقىسىنى ئويلاپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ بەشىنچى قەۋەتكە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى!
B: تازا ئېنىق كۆرەلمەپسەن، ئاشۇ ئادەم دەل مەن ئىدىم!

## ئەقىللىك ئوغۇل

بىر كىشى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يول چېتىدە بىر دانە تىللانى ئويناپ تۇرغان بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، يانچۇقىدىن











بىر نەچچە يارماقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا دەپ-
تۇ:

— تىللانى ماڭا بەرسەڭ، بۇ يار-
ماقلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىۋېتىمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ ھېلىقى بالا قو-
شۇلۇپ، — بىراق، سىز ماڭا ئېشەكنىڭ
ھاڭرىشىنى دوراپ بېرىڭ.

ئۇ كىشى ئەتراپىغا قارىسا، ھېچكىم
كۆرۈنمىگۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئېشەكنى
دوراپ ھاڭراپتۇ. ھېلىقى بالا:

— ئېشەك چېغىدا تىللا بىلەن يارماق-
نى بىلىۋالغان يەردە، كىچىك بولسامۇ
ئالتۇن بىلەن مىسنى ئەلۋەتتە بىلەلەي-
مەن! — دەپتۇ.

## ئوقۇغان ئادەم

پادىچى ئاببباس ئوغلىنى ئوقۇشقا بې-
رىپتۇ. ئوغلى بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر
كۈنى بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ سوراپتۇ:

— ئوغلۇڭ ئوقۇپ خېلى بىر نەرسە بە-
لىپ قالغاندۇ؟

— خېلى جىق نەرسە بىلىپ قاپتۇ، ئۇ
تېخى قويلارنى سانايدىغان يېڭى بىر ئۇ-
سۇلنىمۇ بىلىۋاپتۇ!

— شۇنداقمۇ، قانداق يېڭى ئۇسۇلكەن
ئۇ؟

— ئۇ ئاۋۋال قويلارنىڭ پۇتىنى سانى-
ۋېلىپ، ئۇنى تۆتكە بۆلىدىكەن-دە، ناھا-
يىتى ئاسانلا قويلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ
چىقالايدىكەن.

## يارىلىنىش

A: دادام پۇتبول مۇسابىقىسىدە يا-
رىلاندى.

B: داداڭ توپ ئوينىمايتتىغۇ؟

A: شۇنداق، ئۇ ئالدىنقى ھەپتىدىكى
مۇسابىقىدە قاتتىق ۋارقىرىۋېتىپ كانىيىنى
زەخمىلەندۈرۈۋالدى.

## ئارزۇ

تۇرسۇنجان بوۋىسىدىن سوراپتۇ:

— كىچىك چاغلىرىڭىزدىكى ئارزۇلىرى-
ڭىز ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟

— بىرلا ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.

— قايسى ئارزۇيىڭىز؟

— كىچىك چېغىمدا، ئۆگەي ئانام دا-
ئىم چېچىمدىن تۇتۇپ ئۇراتتى. شۇ چاغدا
چېچىم بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتسىكەن دەپ
ئارزۇ قىلاتتىم. ھازىر ئاشۇ ئارزۇيۇم ئە-
مەلگە ئاشتى.





## نېمىشقا

باشقىلار بۆرىدىن سورىشىپتۇ:
— تايغان نېمىشقا ساڭا ئەسلا يېتەلمەيدۇ؟
— بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي، تايغان ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوغلايدۇ، مەن بولسام ھايات قېلىش ئۈچۈن يۈگۈرىمەن.

## جاۋاب

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، تىرىشىپ ئۆگەنسەڭلار گۈزەل ئەتىنى كۈتۈۋالىسىلەر، دېگەنىدىڭىز.
ئوقۇتقۇچى: دېگەنلىرىمدىن گۇمان قىلىۋاتامسەن؟
ئوقۇغۇچى: تۈنۈگۈن شۇنداق تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدىم، ئەمما بۈگۈن يامغۇر ياغدى.

## ئەقىل ئۆگىتىش

قاغا ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئەقىل ئۆگىتىپ دەپتۇ:
— ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ ئېڭىشكەنلىكىنى كۆرسەڭ دەرھال قاچقىن، ئۇ يەردىن تاش ئېلىپ ساڭا ئېتىشى مۇمكىن.
— ئادەمنى كۆرسەملا قېچىپ كەتسەم بولمامدۇ؟ ئۇلار تاشنى يانچۇقىغا سېلىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟.

## جۈملە تۈزۈش

ئوقۇتقۇچى: قۇدرەت، «سوۋغات» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭ.
قۇدرەت: دادام سومكىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.
ئوقۇتقۇچى: بۇ جۈملىدە «سوۋغات» دېگەن سۆز يوققۇ؟
قۇدرەت: «سوۋغات» دادامنىڭ سومكىسىدا.

## قورقۇش

ئاۋۋەت بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ئەگەر دەرەختىكى ئىككى قۇشقاچنىڭ بىرىنى ئېتىۋەتسە، دەرەختە يەنە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ؟
— بىرى.





— ئەخمەق، ئۇ قۇشقاچ قورقۇپ ئۇچۇپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر ئۆيىمىزگە ئوغرى كىرسە، ئۆيدە نەچچە ئادەم بولىدۇ؟

— ئىككى ئادەم.

— يەنە خاتا جاۋاب بەردىڭ، ئوغرى بىلەن ئۈچ بولمامدۇق؟

— مەن قورقۇپ قېچىپ كېتىدىغان تۇرسام.

## ئوغۇت

زەمىرە دادىسى بىلەن يېزىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئويىنىغلى بېرىپتۇ. تاغىسى ئېتىزدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقانىكەن. زەمىرە دادىسىغا كالا تېزىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— دادا، ئۇ نېمە؟

— ئۇ دېگەن ئوغۇت، سەن ياقتۇرۇپ يەيدىغان بۆلجۈرگەنلەرگە سېپىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆلجۈرگەنلەر ھەم يوغان، ھەم قىزىل پىشىدۇ.

— دادا، مەن يەيدىغانلىرىمنىڭ ئۈستىگە قايماق سۈركىسەك بولامدۇ؟

## ساقلاش

مۇئەللىم: تۈنۈگۈن سىلەرگە «يامغۇر ياغقاندا» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ كېلىڭلار دېگەنىدىم، سىز نېمىشقا يازمىدىڭىز؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، ماقالىنىڭ جېنى



— چىنلىق دېگەنىتىڭىز، شۇڭا يامغۇر يېغىشنى ساقلاۋاتىمەن.

## كەينىچە مېڭىش

ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىكىپ قاپتۇ، مۇئەللىم سەۋەبىنى سوراپتۇ:

— بۈگۈن يول بەك تېيىلغاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭسام، كەينىمگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ كەتتىم.

— ئەگەر دېگىنىڭدەك بولسا، مەكتەپتىن يىراقلاپ كەتكەن بولمامسەن؟

— كېيىن ئامال تاپتىم، مەكتەپكە كەينىمچە مېڭىپ كەلدىم.



## سېتىپ بېرىش

بىر كىشى ماگىزىن ئارىلاۋېتىپ، چىرايلىق ھەم ئوماق بىر ئوغۇل بالىدىن سوراپتۇ:

— داداڭ سېنى ماڭا سېتىپ بېرەلەمدۇ؟

— كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، ماڭا تېخى باھا قويۇلمىغان.







## ئۇخلاپ قالدى

ئوغلى ئۇخلىغىلى ئۇنىماپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلاتماقچى بوپتۇ. بىر سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دادىسى ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقماپتۇ. بىر چاغدا ئاپىسى ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ:

— ئۇ ئۇخلىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇخلاپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.



## ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايمەن

ئوقۇتقۇچى: دەرس باشلانغاندىن تارتىپ توختىماي سۆزلەپ چىقتىڭ، قېنى دەپ باقە، سەن زادى ئوقۇغۇچىغا ئوخشامدىكەنسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئوخشىمايدىكەنمەن.

ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتا، سەن كىمگە ئوخشايدىكەنسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئوقۇتقۇچىغا.







## غەملىرىڭىزدىن ئازراق بەرسىڭىز

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. قۇملۇققا كەلگەندە، ئۇزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپتۇ. توختاپ ئارام ئالغاندا، ئاكىسى يىراققا كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان ئىنىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ بېرىپ، ئاكىسىنىڭ تىقىپ قويغان يېمەكلىكلىرىنى ئوغرىلىقچە يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئاكىسى ئىنىسىنى كۆرۈپلا تېزلىك بىلەن نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىنىسى ھېچنېمە كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ ئاكىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاكا، نېمە يەۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە. مۇشۇ قۇملۇقتىن قاچان چىقىپ كېتەرمىز دەپ غەم يەۋاتىمەن.

— ئاشۇ غەملىرىڭىزدىن ئازراق بەرسىڭىز، مەنمۇ يېيىشىپ بەرسەم.

## ئۆزگە ئىشىنىش

ئوقۇتقۇچى يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، دەرس ۋاقتىدا مۈگدەپلا ئولتۇرىدىغان بىر ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:

— مەلۇم بىر كۈنلەردە، نامىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارالسا، قانداق ھېسسىياتتا بولىسەن؟

— يەر شارىدا مەنلا قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلايمەن.



## تونۇمايدىكەنمەن

زاھىر ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلاپتۇ:

— ۋەي، زاھىر ئۆيدە بارمۇ؟

— مېنى ئىزدىسىڭىزمۇ بولىدۇ، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— زاھىر ئالدىنقى ئايدا، مەندىن 100 يۈەن قەرز ئالغانىدى..

— كەچۈرۈڭ، سىز ئىزدىگەن ئادەمنى تونۇمايدىكەنمەن.

## مۇكاپات

ئوغلى: دادا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسەم، مۇكاپاتلايمەن دېگەنىدىڭىزغۇ؟

دادىسى: گېپىمدە تۇرىمەن. ئەتە بازارغا چىقىپ غالتەكلىك ئاياغ ئېلىپ بېرەي.

ئوغلى: 10 نومۇر كەملەپ قاپتۇ، شۇڭا غالتەكنى ئېلىۋېتىپ كىيىپ تۇراي.

## رەھمەت دەڭ

رازىيە ئوغلىنىڭ پول ئۈستىدە دومىلاپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاپا بولغان ھالدا، ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:

— بۇ نېمە قىلىق، كىيىملىرىڭگە پولدىكى مەينەتچىلىكنىڭ ھەممىسى يېپىشتۇرۇۋاپسەنغۇ؟

— ئەمدى سىزنىڭ جاپا تارتىپ تازىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ماڭا رەھمەت دېسىڭىز بولغۇدەك.



## دادام ئۆيدە يوق

بىر ئوغرى ھەشەمەتلىك قورۇ ئالدىدا بوينىغا ئاچقۇچ ئېسىۋېلىپ ئويناۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— كىچىك دوست، داداڭ ئۆيدە بارمۇ؟

— دادام ئۆيدە يوق.

— ئۆيۈڭنىڭ توك سائىتىنى تەكشۈرۈپ چىقسام بولامدۇ؟

بالا ماقۇللۇقنى بىلدۈرۈپ ئىشىكنى ئوغرىغا ئېچىپ بېرىپتۇ. ئوغرى بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. بالا نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ئوغرىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:

— دادام راستىنلا ئۆيدە يوق، ئۇلار مېنىڭ چوڭ تاغام بولىدۇ.

## سەۋەب

— دادا، نېمىشقا سىنىڭ ماشىناڭ يوق؟ قانداق قىلغاندا ماشىنا سېتىۋالغىلى



بولىدۇ؟
— ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆ-
گەنسەڭ، چوڭ بولغاندا ماشىنا سېتىۋالالاي-
سەن.
— ئەمدى بىلدىم، ئەسلىدە سەن كى-
چىك ۋاقتىڭدا ياخشى ئوقۇماپتىكەنسەن-
دە!

## ئۆلگە



— دادا، ئاپام سېنى مېنى پەپىلەپ
ئۇخلاتسۇن دېگەندى، خورەك تارتقىلى
تۇردۇڭغۇ؟
— ساڭا ئۆلگە كۆرسىتىۋاتىمەن.

## شىمال



جامال ئوغلىنى سىناپ كۆرمەكچى بو-
لۇپ، ئۇنىڭدىن جۇغراپىيەگە ئائىت سوئال
سوراپتۇ:
— شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ بەرگىن.
ئوغلى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئاسمانىنى





كۆرسىتىپتۇ، جامال خاپا بولغان ھالدا ئوغ-
لىدىن سوراپتۇ:
— شىمالنىڭ قايسى تەرەپ ئىكەنلىكىنى
راستتىنلا بىلمەمسەن؟
— مەندە نېمە گۇناھ، مۇئەللىم ھەر
قېتىم خەرىتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى شىمال
تەرەپ دەپ كۆرسىتىدىغان تۇرسا.

## تەلەيلىك ھاشارات

تەبىئەت دەرسى ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇ-
غۇچىلارغا ھاشارات ھەققىدە سۆزلەپ، بىر
خىل ھاشاراتنىڭ پەقەت بىر كۈنلا ئۆمۈر
كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا كەينىدە ئولتۇر-
دىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوش ئاۋازدا سۆز-
لىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.
— نەمەت، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ —
دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى.
— مەن بۇ خىل ھاشاراتنى نېمىدېگەن
تەلەيلىك دەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ نەمەت.
— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسىز؟ —
دەپتۇ ئوقۇتقۇچى.
— چۈنكى، ئۇ بىر ئۆمۈر تۇغۇلغان
كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ نەمەت.

## چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش

ئەلقۇت كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايدى-
كەن، دادىسى ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ:

— كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇساڭ، مەزمۇنىنى قېتىرقىنىپ ئانالىز قىلساڭ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسەن، — دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭدىن قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەلقۇت جىددىي تۇستە:

— دادا، ئېيتقىنىڭىز ناھايىتى توغرا ئىكەن، مەن كىتابنى ئۈچ كۈن ئوقۇغاندىن كېيىن كىتابنىڭ ئەسلىدە بېسىپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم، — دەپتۇ.

## يولۋاس قايسى ھايۋاندىن قورقىدۇ

— كىچىك دوستلار، يولۋاسنىڭ ئورمان ھايۋانلىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھەممە ھايۋانلارنىڭ قورقىدىغانلىقىنى بىلىسىلەرغۇ دەيمەن. بىراق، يولۋاسمۇ مەلۇم بىر خىل ھايۋاندىن قورقىدۇ، ساۋۇت، سەن يولۋاسنىڭ قايسى ھايۋاندىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەسلى ئوقۇتقۇچىسى.

ساۋۇت ئىككىلەنمەيلا:

— مۇئەللىم، يولۋاس چىشى يولۋاستىن قورقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## يېڭى ماشىنا

ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ كىچىك دوستلىرىغا ماختىنىپتۇ:



— بىزنىڭ يەنە بىر يېڭى ماشىنىمىز بار بولدى.

— شۇنداقمۇ! ھازىر بىرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

— ياق، ھازىر بولمايدۇ. دادام ئاخشاملا تېخى ماشىنىنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئالماشتۇردى. كېچىچە ئۇخلىماستىن ئۇنى قايتىدىن سىرلاپ چىقتى، سىرى تېخى قۇرۇمىدى.

## قوشكېزەك

بىر جۈپ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىنىڭ چىراي شەكلى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى بەكمۇ ئوخشىشىدىكەن. بىر كۈنى قوشنىسى ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ چوڭ، قايسىسىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەي سوراپتۇ:

— قايسىڭلار چوڭ؟

— ئاكا، ئېيتىپ بەرمەيلى، ئۆزى تاپسۇن، — دەپتۇ بالىلاردىن بىرى.





## ئەقىللىق قىز

قىزى: ئانا، سىز ئالما يېيىشكە ئامراقمۇ؟

ئانىسى: ئامراق.

قىزى: بەك ئامراقمۇ؟

ئانىسى: بەك ئامراق.

قىزى: ئۇنداقتا ماڭا ئالما ئېلىپ بەرمەڭ.

ئانىسى: نېمىشقا؟

قىزى: سىز يەۋەتسىڭىز مەن نېمە يەيمەن؟





## مەن مېكىيان بولمىسام

جۇرئەتنىڭ ئانىسى ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— ئۇخلاۋېرەمسەن، ئورنۇڭدىن تۇر! خوراز نەچچە قېتىم چىللاپ بولدى!

— خوراز چىللىسا مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، مەن يا مېكىيان بولمىسام!



## تاتۇق

بەش ياشلىق جەملە ئاپىسىنىڭ قورسىقىدىكى تاتۇققا قاراپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئاپا، بۇ يېرىڭىز نېمە بولغان؟

— دوختۇر كېسىپ سىزنى ئالغان.

— قورسىقىڭىز ئېچىپ كېتىپ مېنى يەۋەتكەنمىدىڭىز؟

## تېمىدىن چەتلەش

دادىسى: بالام، مەن ساڭا يېزىپ بەرگەن ماقالە ئەلا باھالانغاندۇ؟

ئوغلى: مۇئەللىم مېنى تېمىدىن چەتنەپ كېتىپسەن، دېدى.

دادىسى: ئۇنداق ئەمەستۇ، ماقالىنىڭ تېمىسى «مېنىڭ دادام» ئىدىغۇ؟

ئوغلى: شۇنداق، سەن بوۋامنى تەسۋىرلەپ يېزىپسەن ئەمەسمۇ؟

## تورت سېتىۋېلىش

بىر قىزچاق تورتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئۇستام، نەچچە پۇل؟

— ئۇستام سېتىلمايدۇ، تورت سېتىلىدۇ. باھاسى 30 يۈەن.

## باشقۇرۇش

كاتىپ جىددىي ئىش بىلەن زاۋۇت



باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئىشىكنى ئاچقان قىز كاتىپتىن سوراپتۇ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— دادىڭىزنى.

— دادام ئۆيدە يوق، ئاپامنى چاقىراي، ئىش بولسا ئاپامغا دېسىڭىز بولىدۇ.

— ئاپىڭىز بىزنى باشقۇرمايدۇ.

— دادام سىلەرنى باشقۇرىدۇ، دادامنى ئاپام باشقۇرىدۇ. بۇنىمۇ چۈشەنمەمسىز؟

## كېسەل كۆرسىتىش

بىر ئوقۇغۇچى زۇكام بولۇپ قېلىپ مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— سوقۇر ئۈچىيىڭىز ياللۇغلىنىپ قاپتۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىڭ.

— يەنىمۇ ئىنچىكىرەك تەكشۈرۈپ باققان بولسىڭىز.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— سوقۇر ئۈچىيىمنى ئالدىنقى قېتىم زۇكام بولۇپ قالغاندا ئېلىۋەتكەنتىڭىز!

## ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى

بىر كۈنى بىر توپ چاشقان يېمەكلىك ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. تۆت كوچا ئاغزىدىن ئۆتۈشگە بىر مۈشۈك پەيدا بوپتۇ. چاشقانلا قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپلا قېلىشىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قېرى چاشقان ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ ئىتتەك ھاۋشىپتۇ. مۈشۈك بۇ غەيرىي ئاۋازدىن قورقۇپ قېچىپتۇ. چاشقانلار قېرى چاشقاننى ئورىۋېلىشىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىپتۇ. قېرى چاشقان ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا:

— مانا بۇ بىرەر تىلنى ئارتۇق ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى، — دەپتۇ.

## ھەمكارلىشىش

سىنىپ مۇدىرى: ماتېماتىكا ئىمتىھان نەتىجەڭ نېمە ئۈچۈن ۋاسكېتبول ئوينىغاندىكىدەك ياخشى ئەمەس؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، ۋاسكېتبول مەيدانىدا ھەمكارلىشىدىغانلار بار. ئىمتىھان مەيدانىدا ھەمكارلىشىدىغان ئادەم يوق - تە!







## يۇقۇملىنىش

دادىسى بىلەن ئوغلى ناھايىتى كېچە-كىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، دادىسى ئىشقا، ئوغلى مەكتەپكە بارالماپتۇ.

دادىسى: بىرەر كۈن بارمىسام ئىشخانىدىكىلەر مېنى ئاغرىپ قالدى دەپ قارايدۇ، لېكىن ساۋاقداشلىرىڭ سوراپ قالسا، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

ئوغلى: دادامنىڭ كېسىلى ماڭا يۇقۇپ قالدى دەيمەن-دە!



## سەۋەب

ئوغلى: ئاپا، قوشنىلارنىڭ ھەممىسى سېنى بەكلا يامان، ئۆيدە دېگىنى ھېساب دەيدۇ. راستمۇ؟

ئاپىسى: داداڭغا سەندەك ئوماق ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بەرگەن تۇرسام، ئەلۋەتتە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب-تە.

ئوغلى: ئەمدى چۈشەندىم.





ئاپىسى: نېمىنى؟

ئوغلى: چوڭ ئاپامنىڭ چوڭ دادامنىڭ ئالدىدا چىرايلىق گەپ قىلالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى.

## كەيپنىڭ مەنىسى

بالىسى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، «كەيپ»نىڭ مەنىسى نېمە؟

— قارا بالام، ئاۋۇ يەردە ئىككى ساقچى تۇرامدۇ؟ ئەگەر مەن ئۇلارنى ئىككى ئەمەس، تۆت ساقچىكەن دەپ قارىسام، دادام كەيپ بوپتۇ دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ،— دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ دادىسى.

— لېكىن، دادا، ئۇ يەردە پەقەت بىرلا ساقچى تۇرامدۇ؟

## قانۇنىيەت

ئوغلى: دادا، «قانۇنىيەت» نىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالدىم.

دادىسى: قېنى، مىسال كەلتۈرۈپ باقە؟

ئوغلى: ئاي ئاخىرى بولسىلا ئاپام سىز بىلەن جېدەللىشىدۇ، مانا بۇ قانۇنىيەت.

## چېچى يوق

جون بىر كۈنى ياپونىيە كارتون فىلمى «ئەقىللىق يىشيۇ»نى كۆرۈۋاتقان ئون ياشلىق ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— قېنى دەپ باقە، يىشيۇ نېمە ئۈچۈن



ئەقىللىك؟

— چۈنكى، ئۇنىڭ چىچى يوق.

— چاچ بىلەن ئەقىلنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟

— سەن دائىم ئاپامنى «چىچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەيسەنغۇ؟

## ياخشى كۆرۈش

دادىسى قىزىدىن سوراپتۇ:

— قىزىم، سەن قايسى دەرسنى ياخشى كۆرىسەن؟

— ماتېماتىكا دەرسىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ماتېماتىكا مۇئەللىمىمىز پات - پات رۇخسەت سورايدۇ.

## مېھمان

جاپپارنىڭ تاغىسى مېھمان بولۇپ كەلگىلى ئىككى ھەپتە بولغان بولسىمۇ، قايتىش توغرىسىدا پەقەتلا ئېغىز ئاچماپتۇ. جاپپار تاقەت قىلىپ تۇرالماي، تاغىسىدىن سوراپتۇ:

— تاغا، سىز كەلگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئۆيىڭىزدىكىلەرنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟

— راست دەيسەن بالام، بۈگۈنلا ئۇلارغا خەت يازاي، ئەتىلا يولغا چىقسۇن.

## كۆلگەچكە

ئاپىسى: نېمە بولدى قوزام، يىغلاپسەنغۇ؟

بالىسى: دادام ئېھتىياتسىزلىقتىن بولقىنى قولىغا ئۇرۇۋالدى.

ئاپىسى: سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟

بالىسى: مەن بايا كۈلگەنىدىم.



## قويۇۋەتتىم

ئوغلى: ئاپا، بايا مەن شۇنداق چوڭ بىر بېلىق تۇتۇۋالدىم.

ئاپىسى: بەك ياخشى بوپتۇ، بېلىقىڭنى قېنى بالام؟

ئوغلى: ئويلاپ باقسام بىزنىڭ قازانغا پاتمىغۇدەك، شۇڭا قويۇۋەتتىم.



## كەتمىگىن

ئابلەت دوستى مەھمۇتنىڭ مەكتەپ ئالمىشىدىغان خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭغا تېلېفون قىپتۇ.

— راستىنلا كېتەمسەن؟

— كېتىمەن.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، كەتمىگىن!

— نېمىشقا؟







ـــ سەن كەتسەڭ، ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچىسى مەن بولۇپ قالامدىم؟

## ياخشى كۆرۈش

دادىسى: سېنى جازالىشىم ياخشى كۆر-گەنلىكىمدىن.

ئوغلى: بىلىمەن دادا، بىراق بۇنداق ئېغىر ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىشنى پەقەت خالىمايمەن.

## پاكىت ئارقىلىق

دادىسى: كۈپكۈندۈزدە چىراغ ياندۇ-رۇۋاپسەنغۇ؟

ئوغلى: سىز ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قاپ-سىز.

دادىسى: كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆ-چۈرۈۋەتمىدىڭ؟

ئوغلى: سىز ھەر قېتىم پاكىت ئارقىلىق قايىل قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلەيتتىڭىز-غۇ؟

## ياش

ئۆيگە كەلگەن مېھمان جاسارەتتىن سوراپتۇ:

ـــ شاكىچىك، قانچە ياشقا كىردىڭ؟

ـــ ئۆيدە ئالتە ياش، مەكتەپتە يەتتە ياش، ئاپتوبۇسقا چىققاندا تۆت ياش.

## ياخشى چارە

ئوغلى: ئاپا، كۈپتىكى سۈتنىڭ ئىچىدە چاشقان تۇرىدۇ.

ئاپىسى: ئېلىپ تاشلىۋەتكەنسەن؟

ئوغلى: ياق، مۈشۈكنى سېلىپ قويدۇم.

## بەختلىك

نەۋرىسى: بوۋا، سەن نېمىدېگەن بەختلىك؟

بوۋىسى: قانداق دەيسەن، قوزام؟

نەۋرىسى: ماڭا ئوخشاش كۈندە تاپ-شۇرۇق ئىشلىمەيسەن ئەمەسمۇ!

## دەم ئالىمىز

ئوقۇتقۇچى: ئەگەر ئاغرىپ قالسام قان-داق قىلىسىلەر؟

ئوقۇغۇچى: دەم ئالىمىز.





## سىز ساقچىمۇ

زىلالە: ئاكا، سىز ساقچىمۇ؟

قاتناش ساقچىسى: شۇنداق، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

زىلالە: ئاپام ياردەم كېرەك بولسا، ساقچىلارنى ئىزدە، دېگەنىدى.

قاتناش ساقچىسى: ئاپىڭىز توغرا ئېيتىپتۇ.

زىلالە: خاپا بولماي ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى چىگىپ قويسىڭىز.

## دوپپا بىلەن كاللا

دوپپا دۇكىنىنىڭ غوجايىنى بالىسىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش كاللا ئىشلەتمىسە، كاللىنىڭ نېمە كېرىكى؟

— ئەگەر ئادەملەرنىڭ كاللىسى بولمىسا، سېنىڭ دوپپاڭنى كىم سېتىۋالىدۇ؟

## كىم ھورۇن

دادىسى: قېنى دەپ باقە، سىنىپىڭلاردا كىم ھورۇن؟

ئوغلى: ئويلاپ باقاي.

دادىسى: سىلەر ھەر قېتىم تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە، پەقەت كىملا ئىشلىمەيدۇ؟

ئوغلى: تاپتىم، ئوقۇتقۇچى.



## ئىلگىرىلەش

ئوغلى: ئىلگىرىلەش دېگەن نېمە؟

ئاپىسى: تۈنۈگۈنكىدىن جىق ئىشلارنى قىلىش.

ئوغلى: ئۇنداقتا، دادامدا ئىلگىرىلەش بوپتۇ، تۈنۈگۈن تاماكا چەككەندە، ئېھتىياتسىزلىقتىن كىيىمىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپتىكەن، بۈگۈن ئۈچ تۆشۈك ئېچىپتۇ.

## چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت

ئالتە ياشلىق بىر قىز دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان ئانىسىغا تېلېفون بەردى:

— ئانا، ئۇلار مېنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا بارغىلى قويمايۋاتىدۇ.

— گۆھىرىم، دوختۇرخانا 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ كېسەل يوقلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. مەن ھازىر ناھايىتى ياخشى. رەھمەت ساڭا،— دېدى ئانىسى تېلېفوندا.

— ئانا، سىز كېسەللىكىڭىزنى ئوبدان داۋالىتىڭ، مەن 12 ياشقا توشسام چوقۇم سىزنى يوقلاپ بارىمەن،— دېدى قىزى.











## ئاۋۋال نېمىنى يەيدۇ

دادىسى: ئوغلۇم، [illegible] شاكىلاتتىن ياسالغان بىر ماشىنا [illegible]سەن قايسى قىسمىنى بۇرۇن يەيسە[illegible]

ئوغلى: ئەلۋەتتە چا[illegible]ۇن يەيمەن، بۇنداق قىلسام ئۇ مېڭىپ [illegible]مەيدۇ.



## كىم ئەڭ ياخشى

بىر ئايال ئوغلىنى ئېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. قوشنىسى بالىدىن سورىدى:

— ئۆيۈڭلەردە كىم ئەڭ ياخشى؟

— بوۋام ئەڭ ياخشى، — دەرھال جاۋاب بەردى بالا

— بوۋاڭنىڭ ياخشىلىقى نەدە؟

— دادام مېنى تىللىسا، بوۋام دادامنى تىللايدۇ.



## زېرەك بالا

بىر بالا ئۈستى يېپىق قاچىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانىكەن، قوشنىسى ئۇنى توختىتىپ قىزىقىپ سورىدى:

— نېمە ئەكېتىۋاتىسەن ئەقىللىقىم؟

— قاچىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈشنى خالىغان بولسام، قاچىنىڭ ئاغزىنى ياپمىغان بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.





## ھۇرۇن قىز

بىر ھۇرۇن قىز زادىلا يۇيۇنمايدىكەن، كىيىملىرىنىمۇ يۆتكىمەيدىكەن، بىر كۈنى ئاپىسى مېھمان چاقىرىپتۇ ۋە قىزىغا:

— قىزىم، يۈز - قوللىرىڭنى ياخشىراق يۇغىن، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇر، — دەپتۇ. قىزى:

— ئاپا، مېھمانلار كەلمەي قالسا مېنىڭ يۇيۇنۇپ، كىيىنىشلىرىم بىكارغا كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

## ئاق چاچ نەدىن كەلگەن

تۆت ياشلىق زەپەر ناھايىتى كەپسىز ئىدى، ئانىسىنى دائىم خاپا قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ:

— ئانا، سىزنىڭ بېشىڭىزدا قانداقسىگە ئاق چاچ پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ نەدىن كەلگەن؟ — دەپ سورىدى قىزىققان ھالدا.

— ھەر قېتىم سەن كەپسىزلىك قىلىپ

گەپ ئاڭلىمىغان چېغىدا، داداڭ، ئاناڭنىڭ بېشىغا بىر تال ئاق چاچ ئۈسۈپ چىقىدۇ، — دېدى ئانىسى جاۋاب بېرىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەپەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ھە، ئانا، مومامنىڭ چېچىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدۋالدىم.

## مۇنازىرە

قول بىلەن پۇت مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ.

قول: مەن ئەڭ مۇھىم، مەن بولمىسام تىجارەت قىلغىلى بولمايدۇ.

پۇت: مەن ھەممىدىن بەكرەك مۇھىم، مەن بولمىسام تىجارەت قىلغىلى بارغىلى بولمايدۇ.

قول: تاماقنى ئېغىزغا يەتكۈزۈپ، ھاياتنى داۋاملاشتۇرغۇچىمەن.

پۇت: بوپتۇ ئەمىسە، كىبلەر قېتىم نەجاسەتكە دەسسىۋالدىغان چاغدا ئۆزۈڭ دەسسە.

## ئاتىسىنىڭ خەۋىرى

بىر كىشى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، ئوغلىغا: «بىرى ئۆيگە كېلىپ، داداڭ بارمۇ، دەپ سورىسا، ئۇ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۆيگە كىرىڭ، دېگىن» دەپتۇ. بالا بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، ئاتا بالىسىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي، بۇ سۆزلەرنى بىر قەغەزگە يېزىپ، ئوغلىغا بېرىپتۇ ۋە سەپەرگە كېتىپتۇ.



بالا ۋاقىت تاپسىلا قوينىدىن قەغەزنى چىقىرىپ، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ يادلىۋاپتۇ ۋە قەغەزنى كۆيدۈرىۋېتىپتۇ. ئەتىسى بىر مېھمان كېلىپ قاپتۇ ۋە بالىدىن:

— دادىڭىز بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

بالا دەيدىغان گەپنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ۋە ئالدىراپ تىنەپ قوينىغا قول ساپتۇ ھەم قەغەزنى كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى ئەسكە ئاپتۇ-دە، تولاپ كېتىپتۇ:

— تۈگىدى، تۈگىدى!

— نېمە، قاچان تۈگىدى؟!

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئوتتا كۆيۈپ كەتتى!

## مۇئەللىمنىڭ سەۋىيەسى چەكلىك

ئانىسى ئوغلىغا دەپتۇ:

— سېنىڭ مۇئەللىمىڭ ناھايىتى بىلىملىك كىشى، سەن چوقۇم تىرىشىپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك.

ئوغلى دەپتۇ:



— خاتالاشتىڭىز ئانا، مۇئەللىمنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك. ئۇ تېخى بۈگۈن مەندىن « 8گە 9 نى قوشسا قانچە بولىدۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ.

## ئۆچ ئېلىش

ئىككى بالا باققۇچى ئۆز خوجايىنلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

بالا باققۇچى ئا: مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى خانىم بەك ياخشى، مۇئامىلىسىمۇ ئوبدان، بىراق ئەپەندىم بەك ئەسكى.

بالا باققۇچى ب: ئۇ قانداق ئەسكى؟

بالا باققۇچى ئا: دائىم ئاچچىقلايدۇ، ھە دېسىلا مېنى تىللايدۇ.

بالا باققۇچى ب: ئۇنداقتا سەن قېينىلىپ قاپسەن-دە!

بالا باققۇچى ئا: مەنمۇ بوش كەلمەيمەن، ئۇنىڭغا شورپا ئەكىرىدىغان چاغدا قاچىسىغا تۈكۈرۈپ قويىمەن. يەنە تېخى يۈز لۆڭگىسىگە شىلىم سۈرۈپ قويىمەن!









## دانىخورەك

بىر بالا دائىم دانىخورىكىنى سىقىدىكەن. ئانىسى ئۇنىڭغا كايىپتۇ:

— سىقما، سىقۋەرسەڭ داغ بولۇپ قالىدۇ.

كەچتە بۇ بالا ئايغا قاراپ ئۇھ تارتىپتۇ:

— ئاي بىچارىمۇ دانىخورىكىنى سىقىپتىكەن-دە!

## ھۆكۈم

بالا: ئاچا، دوستۇڭ ئىزدەپ كەپتۇ... سېنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاۋاتىدۇ.

قىز: كىمكەن؟ ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ؟

بالا: كىيىمگە قاراپ پەرق ئېتەلمىدىم.

## مەخپىيەتلىك

بالا: ماڭا بىر دوللار بەرسەڭ، سەن ئۆيدە يوق چاغدا ئاپامنىڭ مال ساتقۇچى ئەرگە نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

ئاتا: مانا بىر دوللار، ئېيتە، ئاپاڭ نېمە دېدى؟

بالا: ئاپام ئۇنىڭغا ئېرىم قايتىپ كەلگەندە كېلىڭ، دېدى.

## ساددىلىق

بالا: ھەدە، يۈزىڭىزگە ئۆپىنى نېمانچە كۆپ سۈرۈۋالدىڭىز؟

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال: چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن!

بالا: بىراق نېمىشقا چىرايلىق بولالمىدىڭىز؟

## ئاددىي ۋە قىيىن مەسىلە

چىمەنگۈل: زۇلخۇمار، بىلەمسەن؟ كولومبو بىر پۈتنى ئامېرىكىغا قويغاندىن كېيىن ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش نېمە ئىدى؟

زۇلخۇمار: بىلمەيمەن.

چىمەنگۈل: ھەقىقەتەن دۆت نېمىكەنسەن. بۇ ناھايىتى ئاسانغۇ. ئۇ دەرھال يەنە بىر پۈتنى ئالدىغا تاشلىشى كېرەك- تە.

## ئۆلگۈرەلمەسلىك

جامال يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇستى بېشى لاي ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى ھەيرانلىق بىلەن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، مۇشۇنداق ياخشى ئىشتاننى كىيىپمۇ چېلىشتىڭمۇ؟— دەپ ۋارقىراپتۇ.

— كەچۈرۈڭ ئانا،— دەپتۇ جامال قورققىنىدىن يىغلاپ تۇرۇپ،— يىقىلغاندا ئىشتاننى سېلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

## سەۋەب تېپىش

دادىسى: نىجات، ئىمتىھان نەتىجەڭ ياخشى چىقماپتىغۇ، مۇئەللىمنىڭ سوئالىنى چۈشىنەلمىدىڭمۇ يا؟

نىجات: ياق، مۇئەللىم مېنىڭ جاۋابىمنى چۈشىنەلمەپتۇ.

## ئىسىم نەدىن كەلگەن؟

بالىسى: ئانا، مەن بىر مەسىلىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ قانداق؟

ئانىسى: ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئېيتقىنا قايسى مەسىلىنى؟

بالىسى: مەن تۇغۇلغاندىلا ھازىرقى مۇشۇ ئىسمىمنى ئاتىغانمۇ؟

ئانىسى: شۇنداق، بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نېمىسى بار؟

بالىسى: ئۇنداقتا مېنى مۇنداق چاقىرىشنى سەن نەدىن بىلگەن؟

## ئەقىللىق بالا

ئاپىسى: ئەتىلىككە ئاپاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۆگۈنلۈككە سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ.





بالىسى: ھە، ئەسلىدە سىز مەندىن پە-
قەت بىر كۈنلۈكلا چوڭ ئىكەنسىز-دە!

## ئوتنغۇچ

ئاپىسى خالمۇراتقا «7» نى يېزىشنى ئۆگىتىۋېتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— «7» دېگەن بۇ سان خۇددى ئوتنغۇچقىلا ئوخشايدۇ. ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟

خالمۇرات بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە بىر نەچچە قېتىم يېزىپ ئاپىسىغا كۆرسىتىپتۇ. ئاپىسى قاراپلا ئۇنىڭ ھەممىسىنى «L» شەكلىدە يېزىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ:

— خاتا يېزىپسەن، — دەپتۇ.

— ئوتنغۇچمۇ بەزىدە مۇشۇنداق شەكىلدە قويۇلۇپ قالىدىغۇ، — دەپتۇ خالمۇرات قەتئىي ھالدا.

## بىلەت

بەش ياشلىق ئالىم يالغۇز ئۆزى سىرك ئويۇنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر خانىم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئويۇن كۆرگىلى يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ بىلەتنى كىم ئېلىپ بەردى؟

— دادام ئېلىپ بەردى.

— داداڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ ئۆيدە بىلەت ئىزدەپ قالدى.

## پاكىت

زاھىر باراتقا:

— بىر قېتىم دادام كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىككى بېلىق كېلىپ، دادامنى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

— ئىشەنمەيمەن، پاكىتىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ بارات.

— پاكىتنى ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ، دادام تېخى ھايات تۇرمامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زاھىر.

## دورا

ئانا تۆت ياشلىق قىزىغا دورا ئىچۈرەلمەي بەكلا قىينىلىپتۇ. ئاخىر:

— تېز ئىچكىن، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن! — دەپ قورقۇتۇپتۇ.

— ئاپا، ساقچى دورا يېيىشكە ئامراقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىزى.

















## كېچىكتىڭىز

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى ئېغىزچە ئىمتىھاندا بىر قىز ئوقۇغۇچىدىن مەلۇم بىر خىل دورىنىڭ ھەر قېتىملىق ئىچىلىش مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ:

— بەش گىرام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ قىز.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىز جاۋابىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلىپ:

— پروفېسسور، جاۋابىمنى تۈزىتىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسىز، — دەپتۇ.

— كېچىكتىڭىز، — دەپتۇ پروفېسسور، — دورىنىڭ مىقدارى زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىمار بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى.

## مەست بولۇپ قاپتۇ

ئوقۇتقۇچى: يەر شارى بىر نۇقتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىۋېرىدۇ.

ئوقۇغۇچى: ئۇنداقتا ئۇ مەست بولۇپ قاپتۇ. دادام مەست بولۇپ قالسىلا شۇنداق قىلىدۇ.

## ئاپام مەن بىلەن تەڭ

— ھەي بالا، ئاپاڭ قانچىگە كىردى؟

— ئاپام مەن بىلەن تەڭ.

— ئاپاڭ قانداق قىلىپ سەن بىلەن تەڭ بولىدۇ؟

— ناھايىتى ئاددىي، مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئاندىن ئاپا بولدى ئەمەسمۇ؟

## ئاقىلانە جاۋاب

— قارا مېكىيان ئاق مېكىياندىن ئەقىللىك ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— سەن قانداق بىلەلىدىڭ؟

— قارا مېكىيان ئاق تۇخۇم تۇغالايدۇ، بىراق ئاق مېكىيان قارا تۇخۇم تۇغالمايدۇ-دە.

## تالاش - تارتىشنى خالىمايمەن

مۇئەللىم: يەر شارىنىڭ شەكلى قانداق؟

ئوقۇغۇچى: يۇمىلاق.

مۇئەللىم: سەن ئۇنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇنداق بولسا تۆت قىرلىق





بولسۇن. مەن راستتىنلا سىز بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشنى خالىمايمەن.

## تىل تەربىيەسى

ئاتا: سۆزلىگەندە مەدەنىي بولۇش لازىم، «ئەبلەخ»، «ئاناڭنى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ!

ئوغۇل: ماقۇل، دادا، بىراق، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

## خەت ئالماشتۇرۇش

ئانىسى: بالام، ھېلىقى ئىككى پارچە خەتنى پوچتىغا سېلىۋەتتىڭمۇ؟

بالىسى: سېلىۋەتتىم، بىراق ماركا خاتا چاپلىنىپ قاپتۇ، يىراققا بارىدىغان خەتكە تۆت پۇڭلۇق، شەھەر ئىچىگە بارىدىغان خەتكە سەككىز پۇڭلۇق ماركا چاپلىنىپ قاپتۇ.

ئانىسى: ماركىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنسەن؟

بالىسى: ماركىنى ئاجرىتالماي تەسكەن، ئىككى كانۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويدۇم.

## يېڭى ئاياغ كىيىش

بىر بالا بىر جۈپ يېڭى ئاياغ سېتىۋالدى-دە، ئۇنى كىيمەي ئىشكاپقا سېلىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن دوستى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇ يېڭى ئاياغنى نېمە ئۈچۈن كىيمەيسەن؟

— ئىش مۇنداق، — دېدى بالا دوستىغا چۈشەندۈرۈپ، — پىركازچىك ماڭا، يېڭى ئاياغنى دەسلەپ كىيگەندە پۇتنى قىستاپ غاجىۋېتىدۇ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئاندىن پۇتنى غاجىمايدىغان بولىدۇ، دېگەنىدى. شۇڭا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كىيمەكچىمەن.

## ئېغىر ئاياغ بولغاندا

بىر ئېغىر ئاياغ ئايال يولدا كېتىۋاتاتتى. بىر كىچىك بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئاچا، قورسىقىڭىز نېمانچە يوغان؟

— چۈنكى، قورسىقىمدا بالا بار.

— ئاچا، سىز ئاۋارىچىلىكتىن قورقۇپسىز-دە.









— نېمە ئاۋارىچىلىكتىن؟

— بالىنى قۇچىقىڭىزدا كۆتۈرۈشنى ئەپسىز كۆرۈپ، قورسىقىڭىزدا سېلىۋاپسىز ئەمەسمۇ!

## سائەت تازىلاش

بىر كىشى ئەتىگەن ئويغىنىپ ئۈستەلدىكى قول سائىتىگە قارىۋىدى، سائەتنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— ھەي، بۇ سائەتنى يۇيۇپ تازىلىدىغان ئورۇنغا ئاپىرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ.

— ھاجەتسىز، — دېدى كىچىك ئوغلى ئالدىراپ، — مەن ئۇ سائەتنى ئاخشام داستىكى سۇغا چىلاپ تازا يۇيۇۋەتكەن.

## كىم كۆپ بىلىدۇ

بىر بالا دادىسىدىن سورىدى:

— بالىغا قارىغاندا دادا دېگەن بىر نەرسىنى كۆپرەك بىلەمدۇ؟

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى دادىسى.

— پار ماشىنىسىنى كىم ئىجاد قىلغان؟ — سورىدى يەنە بالا.

— ۋات ئىجاد قىلغان.

— ئۇنداقتا، پار ماشىنىسىنى نېمە ئۈچۈن ۋاتنىڭ دادىسى ئىجاد قىلمىغان؟

## رولى يوق كۆزئەينەك

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۆزئەينەك سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىمۇ تاقاپ بېقىپ، بۇنىمۇ تاقاپ بېقىپ بىرىنىمۇ ياراتمىدى.

— بۇ كۆزئەينەكلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بولمايدىكەن دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟ — دەپ سورىدى دۇكاندار.

— مېنىڭ مۇئەللىمىم ياخشى كۆزئەينەكنى تاقىغاچقا كىتابلارنى ئوقۇۋېرىدۇ، مەن سىزنىڭ بۇ كۆزئەينىكىڭىزنى تاقاپ كىتابقا قاراپ باقسام، يەنىلا خەتلەرنى تونۇمىدىم، — دېدى ئوقۇغۇچى.

## ھېسابات

قىزى: دادا، سىز ئاپامدەك ھېسابقا ئۇستا ئەمەسكەنسىزغۇ؟

دادىسى: قانداق بىلدىڭ؟

قىزى: سىز كۈندە ئاپامغا ھېسابات





بەرگەندە، ئاپام، «خاتا، ئېشىپ قالغان پۇل نەگە كەتتى؟» دەپ سىزنى سوراققا تارتـ-دىغۇ؟

## ئانتاراكتىكا ساياھەتچىلىكى

بالىسى: دادا، مەن چوڭ بولسام ئانتاراكتىكا ساياھەتچىسى بولىمەن.

دادىسى: ئەقىللىك قوزام جۇمۇسەن.

بالىسى: مەن ھازىردىن باشلاپ قاتتىق چېنىقايمىكىن دەۋاتىمەن.



دادىسى: قانداق چېنىقماقچى بولۇۋاتىسەن؟

بالىسى: سىز ماڭا ھەر كۈنى بەش تال ماروژنا ئېلىپ بەرسىڭىزلا كەلگۈسىدە ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ناھايىتى ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلەيتتىم.

## چاچ ياستىتىش



بىر كۈنى بىر كىشى ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى، بۇرۇتىنى ياستىپتۇ. ساتىراش بىپەرۋالىق قىلىپ ئۇنىڭ بۇرۇتىنى قىڭغىر ياساپ قويۇپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەينەككە بىر قاراپلا، زەردە بىلەن ساتىراشقا:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئالسىڭىز تۈزۈك ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— ئەمدى چوقۇم تۈزۈك ئالىمەن، — دەپتۇ ساتىراش، ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاك - پاكىز قىرىپ تاشلاپتۇ. بۇ كىشى كۆڭلى بىئارام ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ھويلىدا ئولتۇرۇپ كۆكتات ئاقلاۋاتقان ئايالى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا قېشىدا ئويناۋاتقان ئۈچ ياشلىق ئوغلىغا:

— ئوغلۇم قارىغىنا، داداڭ كىمگە ئوخشاپ قاپتۇ؟ — دەپتۇ.

— سەن ئاقلاپ قويغان ياڭيۇغا ئوخشاپ قاپسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى دادىسىغا قاراپ قويۇپ.

## يول سوراش

يولۇچى: ئۇكام، بۇ يول نەگە بارىدۇ؟

بالا: شەرق تەرىپى بىزنىڭ ئۆيگە بارىدۇ، غەرب تەرىپى بىزنىڭ ئۆيگە بارمايدۇ.

## بالا ۋە مۈشۈك





دادىسى: بالام، سەن مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ سۆرىيەلمەمسەن.

بالىسى: مەن مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالسام، مۈشۈك مېنى سۆرەيدۇ.



## بالىنىڭ قىزىقچىلىقى

تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن، يا خەت يېزىشنى، يا خەت ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بەش ياشلىق بىر بالا قەلەمنى قولىغا ئېلىپ قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى جىجىلاۋاتاتتى. ئاچىسى ئۇنىڭدىن:

— ئۇكام، نېمە قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى.

— بىر دوستۇمغا خەت يېزىۋاتىمەن،— جاۋاب بەردى بالا.

— سەن تېخى خەت يېزىشنى بىلمەيسەنغۇ؟— دېدى ئاچىسى ھەيران بولۇپ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، دوستۇممۇ بىرەر خەت ئوقۇشنى بىلمەيدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى بالا كۈلۈپ.

## كېچىكىپ كېلىش

مۇئەللىم: نىغمەت، سەن نېمىشقا ھەر كۈنى مەكتەپكە كېچىكىپ كېلىسەن؟

نىغمەت: شۇنداق، مەن ھەر كۈنى مەكتەپكە قايرىلىدىغان جايغا كەلگەندە، «ئالدىڭىزدا مەكتەپ بار، ئاستا مېڭىڭ» دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ قالىمەن-دە، ئاستا مېڭىپ كېلىمەن.

## چىراغ تەكشۈرۈش

ئانىسى: بالام، ئېچكىرىكى ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردۇقمۇ ياكى ئۆچۈرمىدۇقمۇ،



قاراپ باقە.

بالىسى: ئانا، ئېچكىرىكى ئۆي قاپقاراڭغۇ ئىكەن، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

## پايپاق كىيىش

بىر بالا ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئانا، مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ بولدۇم،— دېدى.

ئانىسى بالىسىنىڭ بىر پۇتىغا ئاق پايپاق، يەنە بىر پۇتىغا قارا پايپاق كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا پايپاقنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى.

بالىسى ئېچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن قايتىپ چىقتى-دە، دېدى:

— ئانا، ئالماشتۇرۇش ھاجەتسىزكەن، ئېچكىرىكى ئۆيدىكى كارىۋاتتىمۇ بىر پېيى ئاق، يەنە بىر پېيى قارا پايپاق تۇرىدۇ.

## باش ئاغرىغاندا

— ئانا، قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى،— دېدى بەش ياشلىق بىر بالا.



— چۈنكى سەن چۈشلۈك تاماق يېمە-
دىڭ-دە، قورسىقىڭنىڭ ئىچى بوش،—
دېدى ئانىسى،— ئازراق بىر نەرسە يەۋال-
ساڭ ساقىيىپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى ھېلىقى بالا قوشنىسىنىڭ ئۆ-
يىگە ئويۇنغىلى كىرىۋېدى، قوشنىسى «ۋاي
بېشىم» دەپ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆر-
دى-دە، دېدى:



— چۈنكى سىزنىڭ بېشىڭىزنىڭ ئىچى
بوشكەن، بېشىڭىزنىڭ ئىچىگە ئازراق بىر
نەرسە سېلىپ قويسىڭىز باش ئاغرىقىڭىز
دەرھال توختايدۇ.

## ھەربىي مەخپىيەتلىك

— بالام، مەكتەپكە بارغاچ ماۋۇ خەتنى
پوچتىدىن سېلىۋەت، ئۇنتۇما، بۇ ھەربىي
سەپتىكى بىر دوستۇمغا يازغان خەت.



— دادا، خەتنى پوچتا ساندۇقىغا سې-
لىۋەتتىم،— دېدى بالا مەكتەپتىن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن.

— ئاپلا، كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ئاد-





رېسنى يېزىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، ئە-
جەبا سەن ئۇنى بايقىماپسەن-دە.

— بايقاشنى بايقىدىم، ئەمما مەن ئۇنى
ھەربىي مەخپىيەتلىكمىكىن دەپتىمەن.

## قورقماسلىق

بىر قورقۇنچاق قىز بولغانىكەن، بىر
كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— ئەي قىزىم، چوڭ بولۇپ قالدىڭ،
قاچانغىچە قورقۇپ يۈرۈيسەن، ھەتتا ئۆيدى-
گىمۇ يالغۇز كىرەلمەيسەن،— دەپتۇ.

— ئاپا ھازىر مەن پەقەت قورقمايدى-
غان بولدۇم. ئىشەنمىسەڭ يۈرە ئۆيگە بىللە
كىرەيلى، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق،— دەپتۇ
قىزى.

## قايماق يېگۈزۈش

ئانىسى ھەر كۈنكى پىشۇرغان سۈتنىڭ
قايمىقىنى ئوغلىغا بېرىدىكەن، بىر كۈنى
ئوغلىغا قايماق بېرىۋېتىپ:

— ئوغلۇم، مەن ھەر كۈنى قايماقنى سا-
ڭىلا بېرىۋاتىمەن، چوڭ بولغاندا سەنمۇ ماڭا
شۇنداق قايماق يېگۈزەرسەن،— دەپتۇ.

— ئاپا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىلار-
مەن، سەنمۇ ئاۋۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغان چوڭ
ئاپامغا بەرمەي، ماڭا بېرىۋاتىسەنغۇ، مەنمۇ
سېنى كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قاي-
ماقنى بالامغا بېرەرمەن،— دەپتۇ.



## سەۋەب

ئانا: قوزام، قولۇڭنى نېمىشقا تېڭىۋالدىڭ؟

بالا: ئېھتىياتسىزلىقىمدىن بولىقا بىلەن ئۇرۇۋالدىم.

ئانا: يىغلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلىمىدىمغۇ؟

بالا: ئاپا، مەن سېنى ئۆيدە يوقمىكىن دەپ قاپتىمەن.

## كەسىپ تاللاش

ئوقۇغۇچى: دادا، مەن مەخسۇس يۈرەك كېسەللىكى كەسپىنى ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن.

دادىسى: بىر ئادەمدە قانچە يۈرەك بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: پەقەت بىرلا يۈرەك بولىدۇ-دە.

دادىسى: بىر ئادەمنىڭ قانچە چىشى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: 32 چىشى بولمامدۇ؟

دادىسى: ئۇنداقتا، سەن چىش كېسەللىكى كەسپىنى ئۆگەن.

## ئون يۈەن ئۈچۈن

مۇئەللىم: سەن نېمىشقا كېچىكتىڭ؟

ئوقۇغۇچى: بىرى ئون يۈەن پۇلىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

مۇئەللىم: ئۇنداقتا سەن ياخشى ئىش قىلىپسەن-دە، پۇلنىڭ ئىگىسىنى تاپتىڭمۇ؟

ئوقۇغۇچى: بىر كىشى پۇلنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇۋېتىكەن، مەن شۇ كىشى پۇتىنى يۆتكىگىچە ساقلاپ تۇردۇم.

## كۆزئەينەك تاقاش

نەۋرىسى: بوۋا، سىز نېمىشقا كۆزئەينەك تاقايسىز؟

بوۋىسى: چۈنكى كۆزئەينەك تاقىمىسام نەرسىلەرنى كۆرەلمەيمەن.

ئوغلى: ئۇنداقتا، قارىغۇلار نېمە ئۈچۈن كۆزئەينەك تاقىمايدۇ؟

## ئەينەكنى چېقىۋېتىش

ئانىسى ئوغلىغا بىر ئەينەكنى بېرىپ دېدى.

— ئەينەككە قارا، يۈزلىرىڭ نېمىدېگەن پاسكىنا!

ئوغلى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپلا، ئۇنى





يەرگە تاشلاپ سۇندۇرۇۋەتتى-دە، دېدى:

— ئانا، ئەينەكنى سۇندۇرۇۋەتتىم، ئەمدى يۈزۈمدىكى پاسكىنا نەرسىلەرمۇ يوقاپ كەتكەندۇ؟

## ئۇيقۇ ئىزدەش

بىر بالا يېرىم كېچىدە كوچا ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ، چوڭ بىر ئادەمگە يولۇقۇپ قالدى.

— يېرىم كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دېدى ھېلىقى ئادەم بالىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ.

— كارىۋاتتا يېتىۋېتىپ ئۇيقۇمنى يوقىتىپ قويۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئەمدى ئۇيقۇمنى ئىزدەپ يۈرۈيمەن،— دېدى بالا پەرۋاسىز ھالدا.



## ئىختىيار

دادىسى: نىجات، بولدى، بۈگۈن مەكتەپكە بارما، تۈنۈگۈن كەچتە ئاپاڭ ساڭا ئىككى ئۇكا تۇغۇپ بەردى. ئەتە مۇئەللىمىڭگە چۈشەندۈرۈپ قويساڭلار بولىدۇ.

بالىسى: دادا، ئەتە مەن پەقەت بىرىنى تۇغدى دەي، يەنە بىرىنى كېلەر ھەپتە مەكتەپكە بارغۇم كەلمىگەندە دەي.







## مېكىياندا گۈل ئېچىلىپتۇ

يەتتە ياشلىق گۈلسۇم يېزىدىكى مومىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئۇ باغدا ئويناۋېتىپ بىر توزنى كۆرۈپ قالدى-دە، غەلىتە ھېس قىلىپ، خۇددى يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغاندەك ۋارقىرىدى:

— موما، تېز كېلىڭ، مېكىيىنىڭىزدا گۈل ئېچىلىپتۇ!

## ئاتا-بالا ئوغرىلار

مېۋىلىك باغنى تەكشۈرۈۋاتقان دېھقان بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن بىر كىچىك بالىنى بايقاپتۇ:

— ھەببەللى شاكىچىك! — ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ دەپتۇ،— سەن قاراپ تۇر، مەن بېرىپ داداڭنى چاقىرىپ كېلىمەن!

كىچىك بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— دادا، ئۇنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.

## قىرى چىراي

— مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ يۈزۈمنى يۇمايمەن، — دەپتۇ كىچىك رازىيە.

— ۋاييەي، سەن بەك كەپسىز قىز بوپسەن، — دەپتۇ مومىسى، — مەن سەندەك ۋاقتىمدا كۈندە يۈزۈمنى يۇياتتىم.

— توغرا، — دەپتۇ رازىيە، — مەن دەل سىزنىڭ بۇ چىرايىڭىزغا قاراپ دەۋاتىمەن.

## نىمشقا جازالانمىغان

مۇئەللىم ئەخلاق دەرسىدە دەپتۇ:

— ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋاشىنگتون كىچىك ۋاقتىدا خاتا ھالدا دادىسى تىرىغان بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنى چېپىۋەتكەندىن كېيىن، يۈرەكلىك ھالدا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئۈستىگە ئاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دادىسى ۋاشىنگتوننى جازالىماپتۇ.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— كىم ماڭا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، ۋاشىنگتون نىمشقا جازالانمىغان؟

بىر ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بەلكىم ۋاشىنگتوننىڭ قولىدا يەنە بىر پالتا بولۇشى مۇمكىن.

## گاڭگىراپ قالماق

— ئاپا، مەن زادى كېچە سائەت قان-



چىدە تۇغۇلغان؟

— كېچە سائەت ئۈچتە.

— ئۇنداقتا، سەن ئۇ چاغدا مېنى قانداق ئويغاتقانتىڭ؟

## يىغلاشنىڭ سەۋەبى

— ئىنىڭ نىمشقا كۈندە توختىماي يىغلايدۇ؟ — بىر كىچىك دوست يەنە بىر كىچىك دوستتىن سوراپتۇ.

— بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟ ئەگەر سېنىڭمۇ چىشىڭ بولمىسا، چېچىڭ بولمىسا، يەنە يول مېڭىشنىمۇ بىلمىسەڭ، گەپ قىلىشنىمۇ بىلمىسەڭ، ھەتتا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشقىمۇ باشقىلار ياردەملەشسە، سەنمۇ ئەلۋەتتە كۈندە توختىماي يىغلايسەن-دە، — دەپتۇ كىچىك دوست.

## ھېسداشلىق

دادىسى قىزىغا ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى نامرات ھەم جاپالىق تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزى ئاڭلاپ بولۇپ، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ ئىنتايىن ھېسداشلىق



بىلەن دادىسىغا دەپتۇ:

ــ ھە، دادا، سەن ئەسلىي يېگۇدەك تاماقمۇ يوق، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن، شۇنداقمۇ؟

## باش ئاغرىقىنى ساقايتىش

دادىسى: بالام، بۇگۈن نېمىشقا مەكتەپكە بارمىدىڭ؟

بالىسى: ئىككى ئادەمنىڭ باش ئاغرىقىنى ساقايتىش ئۈچۈن.

دادىسى: كىملەرنىڭ بېشىنى ساقايتماقچىسەن؟

بالىسى: مۇئەللىمنىڭكىنى.

دادىسى: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

بالىسى: مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مېنى كۆرسىلا بېشى ئاغرىيدىكەن.

دادىسى: ئۇنداقتا يەنە بىرىچۇ؟

بالىسى: ئۆزۈم.

دادىسى: نېمە؟...

بالىسى: چۈنكى مۇئەللىمنى كۆرسەم مېنىڭمۇ بېشىم ئاغرىيدۇ.




## پورتمان

ئا: ھېلىقى كۈنى مەن بىر پورتمان تېپىۋالدىم. تېخى ئىچىدە 100 يۈەن پۇلمۇ بار ئىكەن.

ب: ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭ؟

ئا: ئۇنى تېپىۋالغان جايدىلا تۇرۇپ ئىگىسىنىڭ كېلىپ ئېلىۋېلىشىنى كۈتتۈم، بىراق، قاراڭغۇ چۈشكۈچە كۈتكەن بولساممۇ ھېچكىم ئۇنى ئەكەتمىدى.

ب: شۇنداقمۇ؟ تازا تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنسەن ـ ھە!

ئا: كېيىن ساقلاۋېرىپ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ياندىكى بوتكىدىن ئازراق بىر نەرسە ئېلىپ يېمەكچى بولۇپ يانچۇقۇمغا قول سالسام، ئىش چاتاق؛ ئۆزۈمنىڭ پورتمىنىممۇ يوق تۇرمامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن قولۇمدىكى پورتماننى ئاستا ئېچىپ ئىچىگە قاراپ باقسام، يوقاپ كەتكىنى ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ پورتمىلى ئىكەن.

## پەرقى بارمۇ؟

بالىسى: بېخىللىق بىلەن ئىقتىسادچىللىقنىڭ پەرقى بارمۇ؟

دادىسى: ئەلۋەتتە بار، ئەگەر مەن ئۆزۈمگە ئەرزان باھالىق ئاياغ سېتىۋالسام، بۇ ئىقتىسادچىللىق بولىدۇ. لېكىن ئاپاڭ ساڭا ئەرزان باھالىق ئاياغ ئېلىپ بەرگەن بولسا، بۇ بېخىللىق بولىدۇ.











## تۇغۇلغان كۈن

مەكتەپتە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاۋاتقان كۈنى ئوقۇغۇچىلار تىزىملاش ئورنىغا كەپتۇ.

تىزىملىغۇچى چاقىرىپتۇ: ئابلىز!

ئابلىز: بار، ئەپەندىم.

تىزىملىغۇچى: تۇغۇلغان كۈنۈڭ؟

ئابلىز: 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

تىزىملىغۇچى: قايسى يىلى؟

ئابلىز: ھەر يىلى.

## تىلۋىتىش

دادىسى ئوغلىنىڭ سەنئەت بىلىملىرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇزىكا كېچىلىكىگە ئاپىرىپ ئىسكىرىپكا مۇزىكىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇپتۇ. بىر سائەت، ئىككى سائەت ئۆتۈپتۇ. سەھنىدە ئىسكىرىپكا چالغۇچىلار ئاۋۋالقىدەكلا تۇرۇپتۇ. ئولتۇرالمايۋاتقان ئوغۇل يۇقىرى ئاۋازدا:

— دادا، ئۇ قانچىلىك ۋاقىتتا ئاۋۇ ياغاچ قۇتىنى تىلۋىتەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

## راست گەپ

ئابدۇللا يېڭىدىن سېتىۋالغان شاتۇتىغا گەپ ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

ئابدۇللا: مەن گەپ قىلالايمەن.





شاتۇتى: مەن گەپ قىلالايمەن.

ئابدۇللا: مەن يول ماڭالايمەن.

شاتۇتى: مەن يول ماڭالايمەن.

ئابدۇللا: مەن ئۇچالايمەن.

شاتۇتى: سەن پو ئېتىۋاتىسەن.

## ئەدەپلىك بولۇش



دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپقا يۈگۈرۈپتۇ. مۇئەللىم ئارىدىن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— ئەزىمەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇغۇچى.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا تەربىيە ئىشلەپ مۇنداق دەپتۇ:



— ئۇستازىڭغا گەپ ـ سۆز قىلغاندا چوقۇم ئەدەپلىك بولۇش، «مۇئەللىم» دېگەن سۆزنى قوشۇش كېرەك. بولدى، ئەمدى ماڭا قايتا جاۋاب بېرىپ باققىنا،



سىنىڭ ئىسمىڭ نىمە؟

— ئەزىمەت مۇئەللىم.

## «نومۇر»نىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى

دادىسى: قانداق گەپ بۇ؟ نەتىجەڭ نىمانداق تۆۋەن؟

بالىسى: ھە، قەدىرلىك دادا، ھازىر ئىقتىساد كاساتلاشقان مەزگىل، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر گۈللىنەلمەيۋاتسا، ئەجەبا، مېنىڭ نومۇرۇم يۇقىرى بولاتتىمۇ؟

## يۇيۇش

دادىسى: ھەي قوزام، سەن يېرىم كۈن ھەپىلىشىپ نىمىنى پاكىز يۇدۇڭ؟

ئوغلى: سوپۇنىنى.

## جايىدا جاۋاب

مۇئەللىم: بىر تېلېۋىزور 450 يۈەن، بىر جىڭ ئالما 1.5 يۈەن بولسا، بىر تېلېۋىزورنىڭ پۇلىغا قانچە جىڭ ئالما سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، بۇ سوئالىڭىزدا مەسىلە بار. كىممۇ تېلېۋىزورنى ئالمىغا تېگىشىپ يېسۇن؟!

## ئەمدى سۈت ئىچمەڭ

ئوغلى: ئاپا، مۇئەللىم مېنى ئاپاڭغا ئوخشايدىكەنسەن، دەيدۇ.

ئاپىسى: ئەخمەق بالا، سەن دېگەن ئاپاڭنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چوڭ بولغان تۇرساڭ، ئوخشىمساڭ بولامتى؟

ئوغۇل: ئۇنداقتا، دادامغا دەرھال «ئەمدى سۈت ئىچمەڭ» دەپ قوياي.

## پىراكتىكا

ئىرسىيەت ئىلمى ئوقۇغۇچىسى: قەيەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

بىمار: پۈتۈم ئاغرىۋاتىدۇ.

ئىرسىيەت ئىلمى ئوقۇغۇچىسى: قانداق بولغان؟

بىمار: مېنى كالا ئۈسسۈۋەتكەن.

ئىرسىيەت ئىلمى ئوقۇغۇچىسى: دادىڭىزدا كالا ئۈسسۈۋەتكەنلىك كېسەللىك تارىخى بولغانمۇ؟

## ئىمتىھان بېرىش

تېببىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى پىروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىدا ئىم-









تىھان بېرىۋاتاتتى.

— ئەگەر بىر بىمار ئۈچۈن تەرلىنىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، سىز قانداق قىلىسىز؟— سورىدى پروفېسسور.

— ئۇنىڭغا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان تەرلىتىش دورىسى ئىچكۈزىمەن،— جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى. ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن گېپىنى ئۇلىدى ئۇ،— ھە ياق، بىمارنى دەرھال سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەكىرىپ ئىمتىھان بەرگۈزىمەن.

## ئالاھىدە مەھسۇلات

ئاتا: ئىسسىق بەلباغنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى نېمە؟

بالا: ماروژنى، مۇز كالتەك، يەنە گازلىق سۇ.

## دانا جاۋاب

ئوقۇتقۇچى: تاۋۇزنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن مۇۋاپىق؟

ئوقۇغۇچى: تاۋۇزلۇقتا قارىغۇچى ئۇخلاپ قالغاندا.

## ساداقەت

ئوقۇتقۇچى تەتىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا بىر پارچىدىن ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن خەۋەرنىڭ راستلىقىغا بەكمۇ سادىق بىر ئوقۇغۇچى ماقالە قەغىزىگە مۇنداق دەپلا يېزىپ قويۇپتۇ: «دادام ماڭا ساياھەت قىلىش ئۈچۈن پۇل بەرمىگەندى، شۇڭا مەن ساياھەت قىلالمىدىم.»

## بالا رەسسام

پېشقەدەم رەسسام: شاكىچىك، تۇنجى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ رەسىمىڭنى قانچە ياش ۋاقتىڭدا سىزغانىدىڭ؟

بالا رەسسام: 74 ياش ۋاقتىمدا،

پېشقەدەم رەسسام: نېمە، 74 ياش؟

بالا رەسسام: توغرا، مېنىڭ سەككىز ياش ۋاقتىم بىلەن دادامنىڭ 66 ياش ۋاقتىنى قوشقاندا شۇنداق بولىدۇ-دە.

## قانچە ئۇكاڭ بار

— سىنىڭ قانچە ئۇكاڭ بار؟

— بىر ئۇكام بار.





— تۈنۈگۈن ئۇكاڭنى ئىككى دېگەندىڭغۇ؟

— ھەي، مېنىڭ بىرلا ئۇكام بار، ئۇ-كام خاتالىشىپتۇ.

## مۇكاپات

بىر بالا ئۆيىگە بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە، مەغرۇرلانغان ھالدا دېدى:

— ئانا، بۇنى ماڭا مۇكاپات بەردى.

— بۇنى ساڭا نېمىشقا مۇكاپات بەردى؟

— مۇئەللىم تۆگىقۇشنىڭ نەچچە پۇتى بار، دەپ سورىۋىدى، مەن ئۈچ پۇتى بار، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

— بىراق تۆگىقۇشنىڭ ئىككى پۇتى بارغۇ؟

— لېكىن، سىنىپىمىزدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى تۆت پۇتى بار، دەپ جاۋاب بەردى-دە!

## پۇل تېجەش

— دادا، يەنە پۇلىڭىز تېجىلىپ قالىدىغان بولدى.

— قانداقسىگە؟

— بۇ يىل يەنە سىنىپ كۆچەلمىدىم، كىتاب سېتىۋالمىساممۇ بولىدۇ.

## موگۇ

— دادا، موگۇ قانداق يەردە ئۆسىدۇ؟

— يامغۇر كۆپ ياغىدىغان رايونلاردا.

— شۇڭا، ئۇلارنىڭ شەكلى كۈنلۈكسىمان بولىدىكەن — دە.

## چۈشنىڭ غىزالىنىشى

ئانا چۈشەن بالا چۈشىنى باشلاپ غىزالىنىش ئۈچۈن بىر دۈۋە كالا تېزىكىگە قونۇپتۇ. چۈشەن نارازى بولغان ھالدا:

— ئانا، بىز نېمىشقا ھەمىشە تېزەك يەيمىز؟— دەپتۇ.

ئانا چۈشەن بالا چۈشىنىگە كىلىپ:

— ماۋۇ بالىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، تاماق يېگەندە كۆڭۈل ئېلەشتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلما،— دەپتۇ.



## يۇيۇنۇشقا بولماسلىق

ئانىسى: ئوبدان قىزىم، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇخلىغىن.

قىزى: بولمايدۇ، ئەتە ئىمتىھان بېرىدىمەن.

ئانىسى: يۇيۇنۇشنىڭ ئىمتىھان بېرىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

قىزى: چۈنكى، سوئاللارنىڭ جاۋابى بىلەكلىرىم ۋە پاچاقلىرىمغا يېزىلغان.

## دىيالوگ

ئوقۇتقۇچى: يەر شارىدا تۆت ئوكيان بار. توغرىمۇ؟

ئوقۇغۇچى: توغرا.

ئوقۇتقۇچى: جۇڭگونىڭ زېمىنى ياپونىيەنىڭ زېمىنىدىن كىچىك، توغرىمۇ؟

ئوقۇغۇچى: توغرا.

ئوقۇتقۇچى: ئېيتە، نېمە ئۈچۈن توغرا دەيسەن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى ئاپام، ئوقۇتقۇچىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، دېگەندى.

## ئوغلىنىڭ جاۋابى

ئوغلى: دادا، بىزنىڭ مۇئەللىم ئېشەكنىمۇ بىلمەيدىكەن.

دادىسى: سەن بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

ئوغلى: بىر كۈنى مەن بىر ئېشەكنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتسەم، ئۇ «بۇ نېمە؟» دەپ سوراۋاتىدۇ.

## بەشىنچى بولۇش

ئوغلى: ئانا، ماڭا دەرھال تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىڭ، چۈنكى مەن ئىمتىھاندا بەشىنچى بولدۇم.

ئانىسى: ياخشى ئوغلۇم، سەن ھەقىقەتەن تېز ئىلگىرىلەپسەن، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا قانچە كىشى قاتناشقان؟

ئوغلى: جەمئىي بەش كىشى.





## مۇئەللىم مېنى ماختىدى

— ئانا، مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، مۇئەللىم بۈگۈن مېنى ماختىدى، — دېدى تۇرسۇن خۇشال بولغان ھالدا ئانىسىغا.

— شۇنداقمۇ؟ مۇئەللىم نېمە دېدى؟

— مۇئەللىم ماڭا بىۋاستە گەپ قىلمىدى، لېكىن باشقا بىر ئوقۇغۇچىغا، سەن سىنىپىمىزدىكى ئەڭ دۆت ئوقۇغۇچى، ھەتتا تۇرسۇنمۇ سەندىن ياخشىراق، دېدى.



## بىر تال قىلتىرىق

ئوقۇتقۇچى: بىزنىڭ بەدىنىمىزدە 206 دانە سۆڭەك بار.

قىز ئوقۇغۇچى: مېنىڭ بەدىنىمدە 207 سى بار.

ئوقۇتقۇچى: بۇ نېمە ئۈچۈن؟

قىز ئوقۇغۇچى: تۈنۈگۈن كەچلىك تاماقتا بىر تال بېلىق قىلتىرىقىنى ئېھتىياتسىزلىقىمدىن يۇتۇۋەتكەنىدىم.







## ئىككى باغاقچە

ئانىسى ئىشتىن ئۆيىگە كەچ قايتىپ كەلدى-دە، پولدا نۇرغۇن خاسىڭ شاكىلىنىڭ تۇرغانلىقىنى ھەمدە ئوغلى يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان بىر باغاقچىنى كۆردى. باغاقچىگە مۇنداق خەتلەر يېزىلغانىدى: «ئانا، ئەپۇ قىلىڭ، ئەتە چوقۇم سۈپۈرۈۋېتەمەن». ئانىسى بۇ مەينەكچىلىكتىن كۆڭلى ئېلىشىپ، ئۆينى ئۆزى سۈپۈرۈۋېتىپ، كارىۋاتقا چىققىنىدا، يەنە بىر باغاقچىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «رەھمەت سىزگە، ئانا.»

## مۆجىزە

ئوقۇغۇچىلارغا «مۆجىزە» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۇئەللىم كونكرېت مىسال ئېلىپ دەپتۇ:

— مەسىلەن: بىر ئادەم ئېگىز بىنادىن سەكرىدى، بىراق ئۇ ھېچقانداق يارىلانمىدى، ئۇنداقتا بۇ نېمە بولىدۇ؟

— تاسادىپىيلىق، — دەپتۇ ئوقۇغۇچى.

— سەن گېپىمنى چۈشەنمىدىڭ، — دەپتۇ مۇئەللىم، — ئەگەر ئۇ يەنە بىر قېتىم بىنادىن چۈشۈپ كېتىپ يەنىلا يارىلانمىغان بولسا، بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

— تەلەيلىكلىكنى.

— ياق، ئەگەر ئۇ 3 - قېتىم بىنادىن چۈشۈپ كېتىپ يەنىلا..

— ئۇ ئادەتلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

## تۆت پۇتلۇق ھايۋان

ئوقۇتقۇچى: سەن بىزگە تۆت پۇتلۇق ھايۋاننى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئىككى مېكىيان.

## يېڭى بايقاش

ئوقۇتقۇچى: بۇ دۇنيا خەرىتىسىدىن كىم ئامېرىكا قىتئەسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟

ئوقۇغۇچى زىلال خەرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

ئوقۇتقۇچى: ياخشى! قېنى ئوقۇغۇچىلار، ئۇنداقتا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، كىم ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىغان؟

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا:

— زىلال! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## خىزمەت

ئالتە ياشلىق گۈلمىرە ناھايىتى ئوماق چوڭ بولۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ



كېلىپ، ئاپىسىغا:

— بۈگۈن ئېرپان ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويدى. مېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئانىسى پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— ئۇنىڭ مۇقىم خىزمىتى بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

گۈلمىرە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ:

— ئۇ بىزنىڭ سىنىپىمىزدا دوسكا ئۆچۈرۈشكە مەسئۇل، — دەپتۇ.

## كېنگۇرۇنىڭ خالتىسى

دادىسى: سەن كېنگۇرۇنىڭ قورسىقىدىكى خالتىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

بالىسى: مېنىڭچە ئۇ چوقۇم بالىسىنى ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

دادىسى: ئەمما، كېنگۇرۇ بالىسىنىڭ قورسىقىدىمۇ بىر خالتىسى بار. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟





بالىسى: ئۇنى ئەلۋەتتە كەمپۈت ۋە يەل-يېمىش سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ-دە!

## بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى

بىر ماشىنا كەنت تاشيولىدا بىر خورازنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شوپۇر يول ياقىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئويناۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ:

— ئاتا - ئاناڭ ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئاتا - ئانامنى ئىزدەپ نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— ئىش مۇنداق، مەن سىلەرنىڭ بىر خورىزىڭلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. ئاتا - ئانىڭىز بىلەن تۆلەپ بېرىش توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى ئىدىم.

— بۇنىڭ ئاتا - ئانام بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ سىز ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ مېكيان بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى.









## ھېسابلاش

— ئەگەر مەندە 12 ئاپېلسىن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۈچىنى ئېلىۋەتسە نەچچىسى قالىدۇ؟

— بىلمەيمەن، مەكتەپتە بىز ئالما ھېسابلاشنى ئۆگەنگەنىدۇق، لېكىن ئاپېلسىن ھېسابلاشنى ئۆگەنمىگەن.

## مەسلىھەت

ئانىسى: بالام، بۈگۈن كەچتە چۆپ ئەتكەنىدۇق، ۋاقتىدا كىرەلمىدىڭ، سۇيى قاپتۇ، بىرئاز ئىچەمسەن؟

ئوغلى: ئانا، مەن ھازىر ئۆستەڭ بويىدىن كىردىم.

## ئاخىرقى سوئال

ئوقۇغۇچى: مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ مۇزاكىرە قىلىڭلار، ئىمتىھان سوئاللىرى باسما ئىشچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يەنە سورايدىغان سوئالىڭلار بارمۇ؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، باسما ئىشچىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسى سىزدە بارمۇ؟

## كەپسىز

ئاپىسى: بالام، بۇ ئالمىنى چوڭ ئاپاڭغا ئاقلاپ بەرگىن، بولامدۇ؟



بالىسى: ئاپا، چوڭ ئاپام يېمەي ماڭا بەردى.

ئاپىسى: نېمىشقا؟

بالىسى: چوڭ ئاپامنىڭ يالغان چىشىنى تىقىپ قويغانىدىم.

## دەلىللەش

ئاتىسى: بالام، ماۋۇ قول سائىتىڭدىكى بىر سېكۇنت بىلەن ئاۋۇ تام سائىتىڭدىكى بىر سېكۇنت تەڭ بولامدۇ؟

بالىسى: ھەرگىز تەڭ بولمايدۇ.

ئاتىسى: قېنى، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق دەلىللەپ باقە!

بالىسى: مېنىڭ بىر قەدىمىم بىلەن سىزنىڭ بىر قەدىمىڭىز، توخۇنىڭ بىر قەدىمى بىلەن تۆگىقۇشنىڭ بىر قەدىمى ئەلۋەتتە تەڭ بولمايدۇ-دە.

## تۇماق قوغلاش

كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاجىز بىر كىشىنىڭ تۇمىقىنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تۇمىقىنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە بىر بالا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز تاغا؟

-تۇمىقىمنى قوغلاۋاتىمەن.

— تۇمىقىمنى قوغلاۋاتىمەن؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ بالا ھەيران بولۇپ، — سىز تۇمىقىڭىزنى ئەمەس، بىزنىڭ قارا مېكىياننى قوغلىغىلى تۇرۇپسىزغۇ؟



责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——特别答案(精选维吾尔儿童笑话)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)